# ئىمان ۋە ئىسلام

مەۋلانا خالدى باغدادى

مەسئۇل مۇھەررىر
**ھۈسەيىن ھىلمى ئىشىك**



# ئىمان ۋە ئىسلام

**مەۋلانا خالدى باغدادى**

مەسئۇل مۇھەررىر

**ھۈسەيىن ھىلمى ئىشىك**

**Printing**

Çınar Matbaacılık

Yüzyıl Mah. Matbaacılar Cad. Atahan No: 34 Kat: 5

Bağcılar - İSTANBUL - TURKEY

Sertifika No : 45103

Tel: (0212) 628 96 00

**www.hakikatbooks.com**

## مۇندەرىجە

—I— ھەممە كىشىگە كېرەكلىك بولغان ئىمان [ئىمان ۋە ئىسلام]...5

—1— باشلىنىش...........................................................11

—2— ئىمان ۋە ئىسلام.................................................17

—3— ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ................................21

—4— ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى..................................28

—5— شەرەفۇددىن مۇنىرىنىڭ ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“ مەكتۇپى:
(سەۋەپلەر بىلەن چىڭ ئېسىلىش كېرەك)..........................93

(سۇبىھانەﷲھى ۋە بىھەمدىھى سۇبىھەنەللاھىل ئەزىم). بۇ دۇئانى ئەتتىگەن ۋە ئاخشام يۈز قېتىم ئوقۇغانلارنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ. يەنە بىر قېتىم گۇناھ سادىر قىلىشىدىن ساقلىنىدۇ. بۇ دۇئا، (مەكتۇبات تەرجىمىسى) كىتابىنىڭ 307 ۋە 308 مەكتۇپلىرىدا يېزىلغان. پۈتۈن دەرتلەرنىڭ يوقىلىشىغمۇ يايدىلىق.

## —I—

## ھەممە كىشىگە كېرەكلىك بولغان ئىمان

## [ئىمان ۋە ئىسلام]

كىرىش سۆز

بىسمىللاھى رەھمانى رەھىم بىلەن باشلايلى كىتاپنى،

ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەڭ ياخشى پاناھلىنىش ئورنىدۇر.

نىممەتلىرى ھەددى- ھىساپسىز،

ئەڭ مەرھەمەت قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى رەبتۇر.

ئاللاھۇ تائالا، دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلارغا مەرھەمەت قىلىدۇ. مۇھتاج بولغان نەرسىلەرنى ئاپىرىدە قىلىپ، پۈتۈن كىشىلەرگە ئەۋەتىدۇ. ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشىدىغان يولنى كۆرسىتىدۇ. نەفسلىرىگە، ئەسكى دوستلىرىغا، زىيانلىق كىتاپلارغا ۋە چەتئەل رادىيولىرىغا ئالدىنىپ، بۇ سائادەت يولىدىن ئايرىلىپ قالغانلاردىن، ناتوغرا ۋە زالالەت يولىغا يۈز تۇتقانلاردىن، پۇشايمان بولۇپ، گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلىگەنلەرنى ھىدايەتكە باشلايدۇ. ئۇلارنى ئەبەدىي ئاپەتتىن قۇتقۇزىدۇ. ئازغۇن ۋە زالىملەرگە بۇ نىممەتنى ئېھسان قىلمايدۇ. ئۇلارنى، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرگەن، ناتوغرا يولىدا قويۇپ قويىدۇ. ئاخىرەتتە، جەھەننەمگە كىتىشى كېرەك بولغان مۇمىنلەردىن، تەلەپ قىلغانلىرىنى ئۇلارغا ئېھسان قىلىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ جەننەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. پۈتۈن جانلىقنى ئاپىرىدە قىلغان، ھەر بىر نەرسىنىڭ، ھەر بىر پەيتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىغان، پۈتۈن ھەممە نەرسىنى، قورقۇنچ ۋە دەھشەتتىن قوغدىغان، پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھۇ تائالادۇر. ئاللاھنىڭ بۇنداق بىر شەرەپلىك ئىسمىگە سىغىنىپ، يەنى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەپ بۇ كىتاپنى يېزىشقا باشلايمىز.

ئاللاھۇ تائالاغا ھەمدۇ سانالار بولسۇن. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن. ئۇ بۈيۈك پەيغەمبەرنىڭ پاكىز ئەھلى بەيتىگە ۋە ئادىل، سادىق ھاسابىلەرنىڭ ھەر بىرسىگە، خەيرلىك دۇئالار بولسۇن.

ھەمدى ئېيتىش، پۈتۈن نىممەتلەرنىڭ ئاللاھۇ تائالانىڭ ئاپىرىدە قىلىپ ئەۋەتكىنىگە ئىمان كەلتۈرمەك ۋە ئىيتماق دىمەكتۇر. شۈكۈر، پۈتۈن نىممەتلەرنى ئىسلامىيەتكە ئۇيغۇن بىر شەكىلدە ئىشلىتىش دىمەكتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىتىقادى، بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىنىشى ھەققىدە مىڭلىغان قىممەتلىك كىتاپلار يىزىلغان، بۇلارنىڭ كۆپىنچە بىر قىسمى، چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھەر بىر دۆلەتتە يىيىلغان. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، تەپەككۇرى قاتمال، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەر ۋە ئىنگلىز ئىشپىيونلىرىغا ئالدانغان نادان دىنى زاتلار، زىندىقلار، ھەر قىتىم ئىسلامنىڭ پايدىلىق، مەنپەئەتلىك ۋە بۇرمۇلانغان ھۆكۈملىرىگە، يەنى بۇيرۇقلىرىغا، چەكلەشلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ناپاك قىلىشقا، ئۆزگەرتىشكە، مۇسۇلمانلارنى ئالداشقا ئۇرۇندى.

ھازىر ئىسلام ئالىملىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر يىرىدە ئىسلام ئىتىقادىنى تارقىتىش، قوغداشقا بولغان ئۇرىنىشلىرى ھەممە كىشى مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكتە. ئىسلامىيەتنى ساھابىلەردىن (ئەسھابى كىرماندىن) ئاڭلاپ، كىتاپلارنى يازغان توغرا يولدىكى ئالىملارغا (ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى) دىيىلىدۇ. ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ كىتابىنى ئوقۇمىغان ۋە ياكى چۈشەنمىگەن بىرىنىڭ، قۇرئان كەرىمدىن ۋە ھەدىس شەرىفتىن خاتا مەنىلەر چىقىرىدۇ ۋە بۇ ئۇلارنىڭ نامۇۋاپىق سۆزلىرىدە ۋە يازمىللىرىدا كۆرۈلمەكتە. بۇنداق سۆزلەر ۋە يازمىلار مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەھكەم ئىتىقادى ئالدىدا ئىرىپ تۈگەيدۇ، بۇ پەقەت ئۇ كىشىنىڭ نادانلىقىنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ خالاس.

ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئىيتقان ياكى جامائەت بىلەن بىللە جامائەت نامىزى ئوقۇغان بىر كىشىنىڭ ئادەتتە مۇسۇلمان ئىكەنلىكى چۈشىنىلىدۇ. ئاندىن، ئۇنىڭ بىر سۆزىدە، ماقالىسىدە ياكى بىر ھەركىتىدە، ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ سۆزلىگەن ئىتىقاد بىلىملىرىگە ماس كەلمەيدىغان بىر ئىش بولسا، ئۇ كىشىدە كۇپۇرلۇق ۋە زالالەتنىڭ بارلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇلاردىن ۋاز كىچىشى ۋە تۆۋبە قىلىشى سۆزلىنىدۇ. قىسقا ئەقىللىق قىلىپ، قاتمال چۈشەنچىللىرى بىلەن جاۋاپ بىرىپ ۋاز كەچمىسە،

ئۇنىڭ بۇزۇق ۋە مۇرتەد ئىكەنلىكى، يەھۇدى ئىنگىلىزلىرىگە سېتىلغانلىقى چۈشىنىلىدۇ. ناماز ئوقۇسا، ھەجگە بارسا، ھەر ئىبادەتنى ۋە ياخشىلىقلار قىلسىمۇ، بۇ ئايەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. كۆپۈرلۇقتا سەۋەپ بولغان نەرسىدىن ۋاز كەچمىگىچە، تەۋبە قىلمىغۇچە مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان كۆپۈرلۇقا سەۋەپ بولغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، مۇرتەد بولۇشتىن ساقلىنىشى، كافىرلارنى ۋە مۇسۇلماندەك كۆرۈنگەن زىندىقلارنى ۋە يەنە ئىنگىلىز ئىشپىيونلىرىنى تونۇپ يېتىپ، زىياندىن ساقلىنىشى كېرەك.

قۇرئان كەرىمدىن ۋە ھەدىس شەرىفتىن خاتا مەنىلەرنىڭ چىقىرىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا يەتمىش ئىككى تۈرلۈك بۇزۇق مۇسۇلمانلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى رەسۇلۇللاھقا ”سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم“ خەۋەر قىلىنغان. (بەرىكا) ۋە (ھادىكا) كىتاپلىرى، بۇ ھەدىس شەرىفنى (بۇخارى) ۋە (مۇسلىم) كىتاپلىرىدىن ئېلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن. بۈيۈك دىنى ئالىملار ۋە پروفىسسورلار نامىدا بارلىققا كەلگەن بۇ دىننى بۇرمۇلىغان كىشىلەرنىڭ كىتاپلىرىغا، يېغىنلىرىغا ئالدانماسلىق كېرەك، بۇ دىن، ئىمان ئوغرىلىرىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئىنتايىن ھوشيار بولماق كېرەك. بۇ نادان مۇسۇلمانلاردىن باشقا، بىر تەرەپتىن كوممۇنىستلار ۋە ماسونلار، خىرىستىيان مىسيونېرلىرى، شۇنداقلا ئىنگىلىزلەرگە سېتىلغان ۋاھابىلەر ۋە يەھۇدى زىئونىستلىرى، يىگى ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ، مۇسۇلمان ئەۋلاتلىرىنى ئالداشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ئۇلار توقۇلما يازمىلار، فىلىملەر، تىياتىرولار ۋە رادىيو-تېلۋىزىيون پروگراملىرى ئارقىلىق، ئىسلام ۋە ئىماننى يوقىتىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ يولدا مىلياردلىغان لىرا خەجلەيدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى ”راھىمە-خۇمۇللاھۇ تەئالانى“ يېزىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كېرەكلىك جاۋاپلارنى ئالدىنئالا يېزىپ، ئاللاھۇ تائالانىڭ دىننى، تىنىچلىق ۋە نىجاتلىقنىڭ يولىنى بىلدۈردى.

بىز ھەقىقى ئالىملاردىن، بۈيۈك ئىسلام ئالىمى، مەۋلانا خالىدى باغدادى ئوسمانىنىڭ ”كۇددىسە سىررۇھ“ (ئىتىقادنامە) كىتابىنى تاللىدۇق. بۇ كىتاپ، كەمەھلى مەرھۇم ھاجى فەيزۇللاھ ئەپەندى تەرىپىدىن تۈرۈكچىگە تەرجىمە قىلىنىپ (فەرائىدۈل فەۋائىد) ئىسمى قويۇلغان ۋە ھىجرى -1312 يىلى مىسىردا بېسىلغان. بىز بۇ تەرجىمىنى ئاددىيلاشتۇردۇق ۋە ئۇنىڭغا (ھەممە كىشىگە كېرەكلىك بولغان ئىمان) ئىسمىنى قويدۇق. تۇنجى نەشرى -1966 يىلىدا نەشر قىلىندى. بىز چۈشەندۈرۈشلەرنى، كىتاپتىن ئايرىش ئۈچۈن [ ] ئىچىدە بەردۇق. بۇ

كىتاپنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا نېسىپ قىلغان ئاللاھۇ تەئالاغا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! بۇ تەرجىمىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بولغان فارىسچە نۇسخىسى، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا (ئىبنۇل ئەمىن ماخمۇت كەمال بەي) قىسمىدا (ئىنتىقادنامە) ئىسمى بىلەن F 2639 نومۇرى بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ. تولۇقچە تەرجىمىسى (ھەقىقەت نەشرىياتى)، (ئىمان ۋە ئىسلام) ئىسمى بىلەن بېسىلدى.

(دارۇل-مۇختار) كىتابىنىڭ يازغۇچىسى، پەزىلەتلىك ئالاۋىددىن ھاسكەفى ''راھىمەھۇللاھۇتەئالا'' كاپىرنىڭ نىكاھى قىسمىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: (نىكاھلىق بولغان بىر قىز بالاغەتكە يەتكەندە، ئەگەر ئىسلامنى بىلمىسە ئۇنىڭ نىكاھى بۇزۇلىدۇ. [يەنى مۇرتەد بولىدۇ.] ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش كېرەك. ئۇمۇ تەكرارلاپ، بۇلارغا ئىشەندىم دېيىشى كېرەك). ئىبنى ئابىدىن بۇنى چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دەيدۇ، (قىز كىچىك ۋاقتىدا، ئاپىسى ۋە دادىسىغا باغلانغان ھالدا مۇسۇلمان بولىدۇ. بالاغەتكە يەتكەندە، ئاپىسىغا ۋە دادىسىنىڭ دىنىغا باغلىنىشى داۋام قىلمايدۇ. ئىسلامنى بىلمەي تۇرۇپ، بالاغەتكە يەتسە، ئۇ مۇرتەد بولىدۇ. ئىمان كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئالتە نەرسىنى ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىسە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك دەپ قارىمىسا، (تەۋھىد كەلىمىسىنى) دېسىمۇ، يەنى (لائىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدىن رەسۇلۇللاھ) دېسىمۇ، ئوخشاشلا يەنە مۇسۇلمان ھېساپلانمايدۇ. (ئامەنتۇ بىللاھى...) دىكى ئالتە نەرسىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارغا ئىشىنىشى ۋە ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە چەكلەشلىرىنى قوبۇل قىلدىم دېيىشى كېرەك). ئىبنى ئابىدىنىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، بىر كاپىر تەۋىد كەلىمىسىنى سۆزلىسە ۋە ئۇنىڭ مەنىسىگە قىسقىچە ئىشەنسە، ئۇ شۇ پەيتتىنىڭ ئۆزىدە مۇسۇلمان بولىدۇ. ئەمما، ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئوخشاش، مۇمكىن بولغانكى ئەھۋال ئاستىدا، (ئامەنتۇ بىللەھى ۋە مەلائىكەتىھى ۋە كۇتۇبىھى ۋە رۇسۇلىھى ۋەل يەۋمىل ئاخىرى ۋە شەررىھى مىنەللاھى تائالا ۋەلباسۇ بادەلمەۋتى ھاككۇن، ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رۇسۇلۇھۇ) دەپ ئامەنتۇنىڭ ئاساسلىرىنى ئەستە تۇتۇشى، مەنىسىنى ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى ئىسلام بىلىملىرىدىن ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەگەر بىر مۇسۇلمان بالىسى بۇ ئالتە نەرسىنى ۋە ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆگەنمىسە ۋە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتمىسا، ئەقىل ئىگىسى بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندە، مۇرتەد بولىدۇ. ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن، كىشى دەرھال (ئىسلام بىلىملىرىنى)، يەنى پەرزلەرنى، ھارام نەرسىلەرنى، غۇسلى تاھارەت ئېلىپ ناماز

ئوقۇشنى ۋە ئەۋرەتلىرىنى يۆگەشنى سوراپ ئۆگىنىشى پەرىز قىلىنىدۇ. بۇ كىشىنىڭ سورىغان ئادىمى چوقۇم ئۆگىنىشى ۋە ھەقىقى دىن كىتابىنى ئۆگىنىشى پەرىز قىلىنىدۇ. سورايدىغان كىشى ياكى كىتاپ تاپالمىسا ئىزدەپ تېپىشى پەرىز قىلىنىدۇ. ئىزدەپ تاپمىسا كاپىر بولىدۇ. تاپالمىغۇچە بولغان ئارلىقتىكى بىلمىگەنلىكى بولسا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. پەرىزلەرنى ۋاقتىدا ئادا قىلمىغان ۋە ھارام يىگەنلەر جەھەننەمدە جازاسىنى تارتىدۇ. بۇ كىتابىمىزدا، ئىماننىڭ ئالتە ئاساسي پىرىنسىلىرى ھەققىدە مول بىلىملەر بار. ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ كىتاپنى ياخشى ئوقۇپ، بالىلىرى ۋە پۈتۈن تونۇشلىرىنىڭ ئوقۇشىغا تۈرتكە بولىشى كىرەك. ئەۋرەت بۆلىمىنىڭ -475بەتتىدە يېزىلغان.

كىتابىمىزدا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى يازغاندا (مالەن بۇيرۇلغان) دىيىلدى. (مالەن) دىمەك، (تەفسىر ئالىملىرىنىڭ بىلىشىچە) دىمەكتۇر. چۈنكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت رەسۇلىللاھ ”سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ چۈشەنگەن ۋە ساھابىلەرگە ئېيتقان. تەفسىر ئالىملىرى، بۇ ھەدىس شەرىفلەرنى مۇنافىقلارنىڭ ۋە ئىنگىلىز كاپىرلىرىغا سىتىلغان زىندىقلارنىڭ، مەزھەپسىز دىن ئادەملىرىنىڭ توقۇپ چىققان ھەددىسلىرىدىن ئايرىپ، تاپالمىغان ھەدىس شەرىفلەر ئۈچۈن، تەفسىر ئىلمىگە ئۇيغۇن بولغان ئاساستا ئايەتلەرنى ئۆزلىرى ئىزاھلىدى. ئەرەپ تىلى بىلىدىغان، ئەمما تەفسىر ئىلمىنى بىلمەيدىغان دىن بىلىمسىزلىرىنىڭ چۈشەندۈرگەنلىرىگە (قۇرئان تەپسىرى) دىيىلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىس شەرىفتە (قۇرئان كەرىمنى ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ئىزاھلىغانلار كاپىر بولىدۇ) دەپ بۇيرۇلغان.

ئاللاھۇ تائالا ھەممىمىزنى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ بىلدۈرگەن توغرا يولدا يۈرۈشكە نىسىپ قىلسۇن! ئىسلام نادانلىرىنىڭ، بۈيۈك ئىسلام ئالىمى دىگەندەك ئىسىم قويۇۋالغان مەزھەپسىزلەرنىڭ، مۇناپىقلارنىڭ ئالدامچىلىقلىرىدىن بىزنى ساقلىسۇن! ئامىن.

ھەقىقەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلغان پۈتۈن كىتاپلار، ئىنتېرنىت تور ۋاستىللىرى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالدى.

| ھىجرىي كامەرىي | ھىجرىي شەمسىي | مىلادى يىلى |
|---|---|---|
| 1422 | 1380 | 2001 |

تەنبىھ: مىليونلىرلار خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىشقا، يەھۇدىلەر تالمۇتنى تارقىتىشقا، ئىستانبۇلدىكى ھەقىقى كىتاپ نەشرىياتچىلىقى ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا، ماسونلار بولسا دىنلەرنى يوقىتىشقا ئۇرىنىۋاتىدۇ. ئەقلىي، بىلمى، ئىنساپى بارلار، بۇلارنىڭ توغرىسىنى چۈشىنىدۇ ۋە بىلىدۇ. بۇنىڭ تارقىلىشىغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق، بارلىق ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە ئىرىشىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار ئۈچ گۇرۇپقا ئايرىلدى. بىرىنچى گۇرۇپ، ساھابىلەرنىڭ يولىدا ماڭغان، ھەقىقى مۇسۇلمانلاردۇر. بۇلارغا (ئەھلى سۈننەت) ۋە (سۈننى) ۋە (فىركاى ناجىيە)، دوزاختىن قۇتۇلغان گۇرۇپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى گۇرۇپ، ساھابىلەرگە دۈشمەن گۇرۇپتۇر. بۇلار شىئە ۋە (فىركائى داللە)، بۇزۇق گۇرۇپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا، سۈننىلەرگە ۋە شىئەلەرگە دۈشمەن گۇرۇپتۇر. ئۇلار (ۋاھابى) ۋە (نەجدى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇلار تۇنجى قىتىم ئەرەبىستاننىڭ نەجد شەھرىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇلارغا (فىركائى مالۇنە) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈكى بۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا كاپىر دىيىشى، (سائادەيى ئەبەدىييە) ۋە (قىيامەت ۋە ئاخىرەت) كىتاپلىرىمىزدا يېزىلغان. پەيغەمبىرىمىز بۇنداق دىگەنلەرنى لانەتلىگەن. مۇسۇلمانلارنى بۇ ئۈچ گۇرۇپقا ئايرىغانلار، يەھۇدىلەر ۋە ئىنگىلىزلەردۇرر.

ھەر بىر مۇئمىن نەفسىنى پاكلاش ئۈچۈن، يەنى يارىتىلىشتىكى نادانلىقتىن ۋە گۇناھلىرىدىن پاكلىنىش ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت (لائىلاھە ئىللەللاھ ) نى ئوقۇشى ۋە قەلبىنى پاكلاش ئۈچۈن، يەنى نەفسىدىن ۋە شەيتاندىن، يامان دوستلىرىدىن، زىيانلىق ۋە بۇزۇق كىتاپلاردىن كەلگەن كۇفۇر ۋە گۇناھلاردىن قۇتۇلماق ئۈچۈن، چوقۇم (ئەستاغفىرۇللاھنى) ئوقۇشى كىرەك. ئىسلامىيەتتە ئويغانغان، گۇناھلىرىغا تۆۋبە قىلغانلارنىڭ دۇئالىرى قوبۇل بولىدۇ. ناماز ئوقۇمىغان، يالىڭاچ ئاياللارغا ۋە ئەۋرىتىنى ياپمىغان ئاياللارغا قارىغان، ھارام يىگەن بىرى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ دۇئالىرى قوبۇل بولمايدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بەتتىكى قوشۇمچى قىسمىنى ئوقۇڭ!

## —1—

## باشلىنىش

مەۋلانا خالىدى باغدادى ”كاددەساللاھۇ تائالا سىررەھۇل ئەزىز“ كىتابىنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئىمامى رەببانى ئەخمەد فارۇكى سەرخەندى ”رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ“ (مەكتۇبات) كىتابىنىڭ ئۈچىنچى تومىنىڭ ئون يەتتىنچى مەكتۇپىنى يېزىش ئارقىلىق، كىتابىغا زىننەت ۋە بەخىت ئاتا قىلماقچى بولغان. ئىمامى رەببانى ”كۇددىسە سىررۇھ“[1] مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەن:

مەن مەكتۇپىمنى بىسمىللاھ بىلەن باشلىدىم. بىزگە نىممەتلەرنى ئەۋەتكەن ۋە ئەڭ چوڭ نىممەت بىزنى مۇسۇلمان قىلىش ئارقىلىق شەرەپ قازاندۇرغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى قىلىش ئارقىلىق بىزنى قەدىرلىك قىلغان ئاللاھۇ تائالاغا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!

ئىنسان، بۇ نىممەتلەرنى ئەۋەتكەن ئاللاھۇ تائالاغا، كۈچىنىڭ يېتىشىچە شۈكۈر ئېيتىشى، بۇ ئۇنىڭ ئىنسانلىق مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەقىل بىلەن بۇيرۇلغان مەجبۇرىيەت بىر قەرزدۇر. ئەمما، ئاللاھۇ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. چۈنكى ئىنسان پوقلۇقتىن ئاپىرىدە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئاجىز، ياردەمگە مۇھتاج، نۇمۇسسىز ۋە كەمتۈكچىلىكى بار. ئاللاھۇ تائالا ھەمىشە مەۋجۇت. نۇمۇس ۋە كەمتۈكلەردىن يىراق. ئۇ بارلىق ئەۋزەللىكلەرنىڭ ئىگىسى. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھۇ تائالاغا ھېچبىر جەھەتتىن ئوخشاشلىقى ۋە يېقىنلىقلىقى يوقتۇر. بۇنداق تۆۋەن دەرىجىدىكى قۇللار ئۇنداق ئۇلۇغ ئاللاھۇ تائالانىڭ شان-شەرىپىگە ماس كېلىدىغان مىننەتدارلىقنى بىلدۈرەلەمدۇ؟ چۈنكى بەك جىق نەرسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنى گۈزەل ۋە قىممەتلىك دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئاللاھۇ تائالا ئۇ نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئۇ نەرسىلەرنى ياقتۇرمايدۇ. بىز شۈكۈر قىلغان ۋە ھۆرمەت قىلغان نەرسىلەر، ياخشى كۆرۈلمىگەن يېقىمسىز نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەمتۈك ئەقلىي ۋە يېقىنىنى كۆرۈدىغان كۆز قاراشلىرى بىلەن ئاللاھۇ تائالاغا قارشى شۈكۈر ئېيتىدىغان ۋە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان نەرسىلەرنى تاپالمايدۇ. شۈكۈر ئېيتىشقا ۋە ھۆرمەت قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر ،ئاللاھۇ تائالا تەرىپىدىن بىلدۈرۈلمىگىچە، ماختاشقا تېگىشلىك

1 ئىمامى رەببانى، 1034 [ 1624] يىلىدا ۋاپات بولدى.

نەرسىلەر بەلكىم رەزىل نەرسىلەر بولىشى مۇمكىن.

ئىنسانلارنىڭ ئاللاھۇ تائالاغا قارشى، قەلبى، تىلى، ھەركىتى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋە ئىشىنىشى كېرەك بولغان شۈكۈر قەرىزى، قۇللۇق ۋەزىپىسى، ئاللاھۇ تائالا تەرىپىدىن بىلدۈرۈلدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى ”سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاللاھۇ تائالانىڭ كۆرسەتكەن ۋە بۇيۇرغانلىرىغا ”ئىسلامىيەت“ دىيىلىدۇ. ئاللاھۇ تائالاغا شۈكۈر ئىيتىش ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىش كېرەك. بۇ يولدا ماڭمىغان، بۇنىڭ سىرتىدا قالغان ھەرقانداق بىر شۈكۈر، ھەرقانداق بىر ئىبادەت، ئاللاھۇ تائالا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ، ياخشى كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ياخشى كۆرگەن، گۈزەل دەپ ئويلىغان نەرسىللىرى شۇنچىلىك كۆپ ئىكەنكى، ئىسلامىيەت بۇ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرمەستىن سەت دەپ قارىماقتا.

شۇڭا، ئەقلىي بار كىشى، ئاللاھۇ تائالاغا شۈكۈر ئىيتىش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشى كېرەك. ئۇنىڭ يولى ”ئىسلام دىنى“ دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەرگە ”مۇسۇلمان“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھۇ تائالاغا شۈكۈر ئىتىيش، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە ”ئىبادەت قىلىش“ دىيىلىدۇ. ئىسلام بىلىملىرى دىن ۋە ئىلىمدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپىدۇ. دىندە ئىسلاھاتچىلار، دىن بىلىملىرىگە (ئىلمىي بىلىم)، پەن بىلىملەرىگە (ئەقلىي بىلىم) دەپ ئاتايدۇ. دىن بىلىملىرىمۇ ئىككىگە ئايرىلىدۇ:

-1 قەلبى بىلەن ئېتىقاد قىلىشى، يەنى ئىشىنىشى كېرەك بولغان بىلىملەردۇر. بۇ بىلىملەرگە (رۇسۇلى دىن) ياكى (ئىمان) بىلىملىرى دەپ ئاتىلىدۇ. قىسقىسى، (ئىمان) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلدۈرگەن ئالتە نەرسىگە ئىشەنمەك ۋە ئىسلام دىنىنى قۇبۇل قىلىش ۋە كۇفۇرلۇقنىڭ ئالامىتى بولغان نەرسىلەرنى سۆزلەشتىن ۋە ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئىلىشتۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان، كۇفۇرلۇقنىڭ ئالامىتى بولغان نەرسىلەرنى بىلىشى ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئىلىشى كېرەك. ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ”مۇسۇلمان“ دىيىلىدۇ.

-2 بەدەن بىلەن ياكى قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ۋە ئۆزىنى چەتكە ئىلىشقا كېرەكلىك بولغان ئىبادەت بىلىملىرى. قىلىش كېرەك بولغان ۋە ئەمىر قىلىنغان بىلىملەر (پەرىز)، ئۆزىنى چەتكە ئىلىش كېرەك بولغان ۋە ئەمىر قىلىنغان بىلىملەر (هارام) دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇلارغا (كۇفرى دىن) ياكى (ئاھكامى ئىسلامىيەت)، (ئىسلامىيەت) بىلىملىرى دەپ ئاتالدى.

ھەممە كىشىگە تۇنجى بۇلۇپ كىرەك بولىدىغان نەرسە، (تەۋھىد كەلىمىسىنى) ئىيتىش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىگە ئىشىنىشتۇر. تەۋھىد كەلىمىسى (لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھتۇر). بۇنىڭ مەنىسى (ئاللاھ مەۋجۇتتۇر ۋە بىردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھسالام ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇر) دىمەكتۇر. بۇنىڭغا ئىشىنىش (ئىمان ئىيتماق) ۋە (مۇسۇلمان بولماق) دىگەنلىكتۇر. ئىمان ئىيتقان كىشىگە (مۆئمىن) ۋە (مۇسۇلمان) دىيىلىدۇ. ئىماننىڭ داۋاملىق بولۇپ تۇرۇشى زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن كۇپۇرلۇققا تۈرتكە بولىدىغان نەرسىلەردىن ۋە كۇپۇرلۇق ئالامىتى بولغان نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئىلىشىمىز كىرەك.

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كەلامىدۇر. ئاللاھۇ تائالا، جىبرىئىل ئەلەيھسالام ئىسمىدىكى پەرىشتە ئارقىلىق، قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھسالامغا ئەۋەتكەن. قۇرئان كەرىمدىكى سۆزلەر ئەرەپ تىلىدا يىزىلغان. ئەمما، بۇ سۆزلەرنى يانمۇ-يان تىزىپ چىققۇچى ئاللاھۇ تائالادۇر. قۇرئان كەرىمدىكى ئەرەپچە سۆزلەر، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تىزىپ چىقىلغان ئايەتلەر شەكلىدە، ھەرىپ ۋە سۆز شەكلىدە كەلگەن. بۇ ھەرىپ ۋە سۆزلەرنىڭ مەنىسى، ئىلاھى كەلاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەرىپلەرگە ۋە سۆزلارگە (قۇرئان) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلاھى كەلاملارنى كۆرسىتىدىغان مەنىلەر قۇرئاندۇر. بۇ ئىلاھى كەلام ھىسابلىنىدىغان قۇرئان بىر مەخلۇق ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ باشقا سۈپەتلىرىگە ئوخشاش ئەبەدىي ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. جىبرىئىل ئەلەيھسالام ھەر يىلى بىر قىتىم كىلىپ، شۇ ۋاقىتقىچە نازىل بولغان قۇرئان كەرىمنى ۋە لەۋھۇز مەھبۇزنى تەرتىپى بويىچە ئوقۇيتى، پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇنى تەكرارلايتى. ئاخىرەتكە كىتىدىغان يىلى، ئىككى قىتىم كىلىپ، بىرلىكتە قۇرئاننى خەتمە قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسى، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىنى ياد ئىلىۋالغان. ئاخىرەتكە كىتىدىغان يىلى، خەلىپە ئەبۇبەكرى سىددىق، قۇرئاننى يادقا بىلىدىغانلارنى بىر يەرگە توپلاپ، يىزىلغانلىرنى ئەكىلىپ، پۈتۈن قۇرئان كەرىمنى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىگە يازدۇرغان. شۇنداق قىلىپ، (مۇسخاف) ناملىق بىر كىتاپ مەيدانغا كەلگەن. 33 مىڭ ساھابى بىردەك بۇ مۇسخافنىڭ ھەر بىر ھەرىپىنىڭ نەق جايىدا بولغان-بولمىغانلىقىغا قارار بەرگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە (ھەدىس شەرىف) دېيىلىدۇ. بۇلاردىن مەنىسى ئاللاھۇ تائالا تەرىپىدىن بولغان، سۆزلىرى بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بولغان ھەدىس شەرىفلەرگە (ھەدىسى كۇدسى) دەپ ئاتىلىدۇ. بەك كۆپ ھەدىس كىتاپلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە (بۇخارى) ۋە (مۇسلىم) كىتاپلىرى ئەڭ مەشھۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرى ئىچىدە، ئىشىنىشىمىز كېرەك بولغانلىرىغا (ئىمان)، قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىرىغا (پەرىز)، ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىشىمىز كېرەك بولغانلىرىغا (ھارام) دېيىلىدۇ. پەرىزلەرگە ۋە ھاراملارغا (ئاھكامى ئىسلامىيە) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسلام بىلىملىرىدىن بىرسىگىمۇ ئىشەنمىگەنلەرگە (كاپىر) دېيىلىدۇ.

ئىنسانغا ئىككىنچى بولۇپ كېرەك بولىدىغان نەرسە، قەلبىنى پاكلاشتۇر. قەلب دېگىنىمىزدە، ئىككى نەرسە ئىسىمىزگە كىلىدۇ. كۆكرەك قىسمىمىزدىكى بىر پارچە گۆشكە ھەممەيلەن قەلب دەيمىز. يۈرەك دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەلب، ھايۋانلاردىمۇ بار. ئىككىنچى قەلب بولسا، كۆرۈنمەيدىغان قەلبپتۇر. بۇ قەلبكە (كۆڭۈل) دېيىلىدۇ. دىنى كىتاپلاردا يېزىلغان قەلب، دەل كۆڭۈلدۇر. ئىسلام بىلىملىرىنىڭ ئورۇنى، قەلبپتۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ئېيتمىغانمۇ دەل مۇشۇ قەلبپتۇر.

ئىمان ئېيتقان قەلب پاكتۇر. ئىمان ئېيتمىغان قەلب بولسا مەينەت ۋە ئۆلۈكتۇر. بىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىز، قەلبىمىزنى پاكلاشتۇر. ئىبادەت قىلىش، ناماز ئوقۇش ۋە ئىستىغفار ئېيتىش قەلبىمىزنى پاكلايدۇ. ھارام يېيىش، قەلبىمىزنى بۇزىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: (بەك تولا ئىستىغفار ئېيتىڭلار! داۋاملىق ئىستىغفار دۇئاسى ئوقۇغان كىشىنى، ئاللاھۇ تائالا كىسەللىكلەردىن، بارلىق دەرتلەردىن قوغدايدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان يەردىن رىزقىنى بېرىدۇ.) ئىستىغفار (ئەستاغفىرۇللاھ) دىمەكتۇر. دۇئالارنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، ئوقۇرمەننىڭ چوقۇم مۇسۇلمان بولۇشى، گۇناھلىرىغا تۆۋبە قىلىشى، مەنىسىنى بىلىشى ۋە ئىشىنىپ تۇرۇپ ئۇنى دېيىشى كېرەك. قارامتۇل قەلب بىلەن قىلىنغان دۇئا قوبۇل بولمايدۇ. ئۈچ قېتىم دۇئا قىلغان كىشىنىڭ ۋە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبى پاكلىنىدۇ ۋە سۆزلەشكە باشلايدۇ. قەلب بىلەن دېمىگەن، ئېغىزى بىلەن دەپ قويغان دۇئانىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق.

ئىسلام دىنىنىڭ بىلدۈرگەن دىنى بىلىملىرى، (ئەھلى سۈننەت) ئۆلىمالىرىنىڭ

كىتاپلىرىدا يېزىلغان بىلىملەردۇر. ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ بىلدۈرگەن ئىمان ۋە ئىسلام بىلىملىرى ئارىسىدا، مەنىسى ئېنىق بولغان (نائاسلاردىن) يەنى ئايەت كەرىملەردىن ۋە ھەدىس شەرىفلەردىن بىرىگىمۇ ئىشەنمىگەنلەر (كاپىر) بولىدۇ. ئىشەنمەسلىكىنى ساقلىغانلارغا (مۇناپىق) دېيىلىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلماندەك كۆرۈنۈش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئالداشقا ئۇرۇنىدۇ، بۇنىڭغا (زىندىق) دېيىلىدۇ. مەنىسى ئېنىق بولمىغان ناسلارنى خاتا ئىزھلاش ئارقىلىق، خاتا ھالدا ئىشەنسە، ئۇ ھالدا بۇ كىشى كاپىر ھىساپلانمايدۇ. ئەمما، ئەھلى سۈننەتنىڭ توغرا يولىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دوزاققا كىرىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى مەنىسى ئېنىق بولغان ناسلارغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئازاپتا مەڭگۈلۈك قالمايدۇ، دوزاق ئازابىدىن قۇرتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىدۇ. بۇلارغا (بىدئەت ئەھلى) ياكى (زالالەت گۇرۇپىسى) دېيىلىدۇ. توپلام 72 تۈرلۈك زالالەت گۇرۇپىسى بار. بۇلارنىڭ، كاپىرلەرنىڭ، مۇرتەدلەرنىڭ قىلغان ئىبادەتلەر ۋە ئىنسانلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرى ھەمدە خىزمەتلىرىنىڭ ھېچبىرى قۇبۇل بولمايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ كارغا كەلمەيدۇ. ئېتىقادى دۇرۇس بولغان مۇسۇلمانلارغا (ئەھلى سۈننەت ۋەل جامائەت) ياكى (سۈننى) دېيىلىدۇ. سۈننىلەر ئىبادىتىنى قىلىشتا تۆت مەزھەپكە ئايرىلغان. بۇ تۆت مەزھەپتىكى كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ ئەھلى سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە بىر بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. تۆت مەزھەپنىڭ بىرسىدىمۇ بولمىغان بىر كىشى، ئەھلى سۈننەت بولالمايدۇ. ئەھلى سۈنەت بولمىغان بىر كىشى، كاپىر ياكى بىدئەت بولىدۇ، ئىمامى رەببانىنىڭ مەكتۇپلىرىدا، بولۇپمۇ بىرىنچى تومىنىڭ 286 نۇمىرلىق مەكتۇپىدا ۋە (دارۇل مۇختارنىڭ) ئىزاھ قىسمىنىڭ (زابايىھ) قىسمىدا ۋە (ئەھلى باسائىر لىمۇنكىر ئىتتەۋەسسۇلى بىئەھلى مەكابىر) كىتابىداھۆججەتلەردە يېزىلغان. بۇ ئىككى كىتاپنىڭ ھەر ئىككىسى ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان. ئىككىنچىسى ھىندىستاندا يېزىلغان ۋە نەشىر قىلىنغان بولۇپ، 1395 [1975] يىلىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىستانبۇلدا ھەقىقەت نەشرىياتى تەرىپىدىن ofset يولى ئارقىلىق بىر قانچە نەشرى بىسىپ چىقىرىلغان.

تۆت مەزھەپنىڭ بىرىگە نىسبەتەن، ئىبادەت قىلغۇچىلار گۇناھ سادىر قىلسا ياكى قىلغان ئىبادەتلىرىدە خاتالىقلار ئۆتكۈزسىمۇ، ئەگەر تۆۋبە قىلسا قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر تۆۋبە قىلمىسا، ئاللاھۇ تائالا خالىسا ئۇلارنى كەچۈرىدۇ، ئۇلارنى دوزاققا تاشلىمايدۇ. خالىسا قىلغان گۇناھلىرىغا ئازاپ-ئوقۇبەت بىرىش

ئەمەس، يەنە ئۇلارنى ئازاپتىن قۇتقۇزىدۇ. قىلىشقا تىگىشلىك بولغان، ھەتتا نادانلارنىڭمۇ ئاڭلىغان ئىنىق پاكىتلەرنىڭ بىرسىگە بولسىمۇ ئىشەنمىگەنلەر دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالىدۇ. بۇلارغا (كاپىر) ۋە (مۇرتەت) دىيىلىدۇ.

كاپىرلەر كىتابى بار ياكى كىتاپسىز دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. مۇسۇلمان ئەۋلادى تۇرۇپ، دىنىدىن چىقىپ كاپىر بولغانلارغا (مۇرتەت) دىيىلىدۇ. ئىبنى ئابىدىن ”راھىمە ھۇللاھۇ تائالا“ ئەسرىدە، شىرىك كەلتۈرۈش تۆپەيلىدىن نىكاھى ھارام بولغانلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، (مۇرتەت، مۇلھىد، زىندىق، مەجۇسى، بۇدىست، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى، مۇناپىق، 72 گۇرۇپتىن ئاشقۇنلىق قىلىپ كاپىر بولغانلار [بەرەھمەن، بۇدىست]، باتىنى، ئىباھى ۋە دۈرزى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىتاپسىز كاپىرلەردۇر). كوممىنىستلار ۋە ماسۇنلارمۇ بۇلارغا ئوخشاش. خىرىستىيان ۋە يەھۇدىلەرنىڭ كۆكتىن چۈشكەن ۋە كىيىن ئۆزگەرتىلىپ بۇزۇۋىتىلگەن (تەۋرات) ۋە (ئىنجىل) كىتاپلىرىغا ئىمان ئىيتقۇچىلار بولسا كىتابى بار كاپىرلەردۇر. بۇلار ھەر قانداق بىر مەخلۇقتا (ئۇلۇغلۇق سۈپىتى) بارلىقىغا ئىشەنسە، (مۇشرىك) بولىدۇ. ئاللاھۇ تائالانىڭ (سىفاتى زاتىيەسىگە) ۋە (سىفاتى زۆتۇتىيەسىگە) (ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى) دىيىلىدۇ.

كىتابى بار ياكى كىتاپسىز ھەرقانداق بىر كاپىر، ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا دوزاققا كىرىشتىن قۇتۇلىدۇ. گۇناھسىز بىر پاك مۇسۇلمانغا ئايلىنىدۇ. ئەمما، سۈننى بىر مۇسۇلمان بولىشى كىرەك. سۈننى بولىشى كىرەك دىمەك، ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ بىرسىنىڭ ” راھىمە ھۇللاھۇ تائالا“ كىتابىنى ئوقۇپ، ئۆگىنىپ، ئىمانى، سۆزلىرى ۋە ئىشلىرى بۇنىڭغا ماس كىلىشى كىرەك دىگەنلىكتۇر. دۇنيادا بىرسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش-بولماسلىقى زۆرۈرىيەت بولمىسا، ئوچۇق-ئاشكارە ئۇنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن ۋە قىلغان ئىش-ھەركەتلىرىدىن بىلىنىدۇ. بۇ كىشىنىڭ ئاخىرەتكە ئىمانى بىلەن كىتىپ-كەتمىگەنلىكى، ئەڭ ئاخىرقى نەفسىدە ئىنىق بولىدۇ. چوڭ گۇناھ قىلغان بىر ئەركەك ياكى ئايال مۇسۇلمان، پاك قەلبى بىلەن تۆۋبە قىلسا، گۇناھلىرى چوقۇم كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. گۇناھسىز بىرسىگە ئايلىنىدۇ. (تۆۋبىنىڭ) نىمە ئىكەنلىكىنى ۋە تۆۋبىنىڭ قانداق قىلىندىغانلىقى ئىلمىھال كىتاپلىرىدا، مەسلەن، تۆرۈكچە ۋە ئەرەپچە (ئىمان ۋە ئىسلام) ۋە (سائادەتى ئەدەبىيە) كىتاپلىرىدا ئۇزۇن بايان قىلىنغان.

—2—

## ئىمان ۋە ئىسلام

بۇ (ئىتتىقادنامە) ناملىق كىتاپتا، رەسۇلۇللاھنىڭ ’’سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم‘‘ (ئىمانى ۋە ئىسلامىنى) بىلدۈرىدىغان بىر ھەدىس شەرىفكە ئىزاھ بېرىلىدۇ. بۇ ھەدىس شەرىفنىڭ بەرىكىتى بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىقادىنىڭ تاماملىنىشىنى [كۈچلىنىشىنى]، شۇنداقلا،تىنىچلىق ۋە سائادەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، كۆپ گۇناھ قىلغان خالىدنىڭمۇ ’’كۇددىسە سىررۇھ‘‘ ئازاپتىن قۇتۇلىشىغا تۈرتكە بولىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھېچنىمىگە مۇھتاج بولمايدىغان ۋە مەرھەمىتى، ئېھسانلىرى كۆپ بولغان، قۇللىرىغا كۆپ مەرھەمەت قىلغان ئاللاھۇ تائالاغا بولغان گۈزەل ئىتتىقادىم شۇنداق ئىكەنكى، قىلغان ساۋاپلىرى ئاز، كۆڭلى قارا كاپىر خالىدنىڭ ئورۇنسىز سۆزلىرىنى كەچۈرگىن ۋە چالا قىلغان ئىبادەتلىرىنى قۇبۇل ئەيلە! يالغانچى، ئالدامچى شەيتاننىڭ يامانلىقلىرىدىن [ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ۋە يازمىلىرىغا ئالدىنىشتىن] ساقلىغىن، شاد قىلغىن! مەرھەمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەت قىلغۇچىسى ۋە ئېھسان قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ سېخىسى پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھۇ تائالادۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرى شۇنداق دەيدۇكى: (مۇكەششەف) بولغۇچى، يەنى ئەقىللىق ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئايال ۋە ئەركەك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىرسى [ئاللاھۇ تائالانى تونىشى ۋە بىلىشى يەنى] ئاللاھۇ تائالانىڭ سىفاتى زاتىيەسىنى ۋە سىفاتى زۇتۇبىيەسىنى توغرا بىلىشى ۋە ئىشىنىشى لازىمدۇر. بۇ ھەممەيلەنگە نىسبەتەن تۇنجى پەرىز بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىلمەسلىك ئۆزۈر ھېساپلانمايدۇ. بىلمەسلىك گۇناھتۇر. ئەھمەدنىڭ ئوغلى خالىدى باغداتىنىڭ كىتاپىنى يېزىشى، باشقىلارغا ئۈستۈنلۈك ۋە بىلىم ستتىش ۋە ئىناۋەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس. بىر يادىكار، بىر تۆھپە قوشۇش ئۈچۈندۇر. ئاللاھۇ تائالا بۇ ئاجىز خالىدكە[2] ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتلىرى بىلەن ۋە رەسۇلۇللارھىنىڭ مۇبارەك روھىنىڭ ياردىمى بىلەن ياردەم قىلغىن! ئامىن.

[ئاللاھۇ تائالانىڭ (سىفاتى زاتىيەسى) ئالتىدۇر. بۇلار: ۋۇجۇت، پىشقەدەم، ئۆلۈمسىزلىك، ۋاھتانىيەت، مۇخالافەتۈن لىلھاۋادىس ۋە قىيامۇ بىنەفسىھىدۇر.

2 خالىدى باغدات، 1242 [1826] يىلىدا شامغا ۋاپات بولدى.

ۋۇجۇت، ئۆزلىكىدىن مەۋجۇت بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. پىشقەدەم، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ باشلىنىشى، مۇقەددىمىسى بولالمايدۇ. ئۆلۈمسىزلىك، مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ھېچ يوق بولماسلىق دېمەكتۇر. ۋاھادانىيەت، ھېچبىر جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ياكى ۋاستىچىسى يوق مەنىسىدىدۇر. مۇخالافەتۇن لىلھاۋادىس، ھېچبىر نەرسىدە، ھېچبىر مەخلۇقتا، ھېچبىر جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ دىگەنلىكتۇر. قىيامۇ بىنەفسىھى، ئۆزلىكىدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھېچبىر نەرسىگە ئېھتىياچ بولماسلىق دېمەكتۇر. بۇ ئالتە سىفاتنىڭ ھېچقايسىسى مەخلۇقاتلارنىڭ ھېچقايسىسىدا يوقتۇر. بۇلارنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا مەخلۇقلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. بەزى ئۆلىمالار، ۋاھادىيىيەت بىلەن مۇخالافەتۇن لىلھاۋادىسنىڭ بى-بىرسى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى دېيىش ئارقىلىق، (سىفاتى زاتىيە بەش تۈرلۈكتۇر) دەيدۇ.

ئاللاھۇ تائالادىن باشقا ھەممە نەرسە، (ماسىۋا) ياكى (ئالەم) دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر (تەبىئەت) دېيىلىدۇ. ئالەملەر بۇرۇن يوق ئىدى. ھەممىسىنى ئاللاھۇ تائالا ئاپىرىدە قىلدى. ئالەملەرنىڭ ھەممىسى مۇمكىندۇر ۋە ھادىسدۇر. يەنى، يوقكەن ئاپىرىدە بولىدۇ، مەۋجۇت تۇرۇپ يوق بولالايدۇ ۋە يوقلۇقتىن ئاپىرىدە بولىدۇ. (ئاللاھۇ تائالا مەۋجۇت. ھېچبىر نەرسە يوق ئىدى.) ھەدىس شەرىف بۇنى بايان قىلماقتا. ئالەمنىڭ ھادىسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىككىنچى بىر ئىسپات بولسا، ئالەمنىڭ ھەر ۋاقىت قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئۆزگىرىپ تۇرىشىدۇر. ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. قەدىمكى نەرسىلەر بولسا، ئەسلا ئۆزگەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ زاتى [يەنى ئۆزى] ۋە سۈپەتلىرى مۇشۇنداقتۇر. بۇلار ھېچبىر ۋاقىت ئۆزگەرمەيدۇ. [ھالبۇكى ئالەمدە، فىزىك ھادىسىللىرىدە، ماددىلارنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشى بولىدۇ. خىمىيىلىك رىئەكسىيەدە ماددىلار ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىدۇ. جىسىملارنىڭ غايىپ بولغاندىن كىيىن باشقا ماددىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۈگۈنكى كۈندە، ييڭىدىن بىلىنىۋاتقان ئاتوم ئۆزگىرىشى ۋە يادرو رىئەكسىيەدە ماددا ۋە ئېلېمىنتلارمۇ يوقىلىشقا باشلىدى. ئېنېرگىيەگە ئايلىنىۋاتىدۇ.] ئالەملەرنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى بىر-بىرىدىن ھاسىل بولىشى، چەكسىزلىكتىن كەلمەيدۇ. بىر باشلىنىش بولىشى كېرەك، يوقلىقتىن بارلىققا كەلگەن تۇنجى ماددىلاردىن، ئېلېمىنتلاردىن ھاسىل بولىشى كېرەك.

ئالەمنىڭ مۇمكىن بولىشى، يەنى يوقلىقتىن بارلىققا كەلگىنىنى ئىسپاتلايدىغان باشقا

بىر دەلىل بولسا، ئالەمنىڭ بىر ھادىسە بولىشىدۇر. يەنى ھەممە نەرسىنىڭ يوقلىقتىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىدۇر. [ۋۇجۇت، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش دىگەنلىكتۇر. ئۈچ تۈرلۈك ۋۇجۇت بار: بىرىنچىسى (ۋاجىبۇل ۋۇجۇتتۇر). يەنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان ۋۇجۇتتۇر. ھەمىشە بار. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ھەرگىز يوقاپ كەتمەيدۇ. پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھۇ تائالا ۋاجىبۇل ۋۇجۇتتۇر. ئىككىنچىسى (مۇمتەنىئۇل ۋۇجۇتتۇر). يەنى، مەۋجۇت بولمايدۇ. چوقۇم غايىپ بولىشى زۆرۈر. شىرىكلىك، يەنى ئاللاھۇ تائالاغا ئوخشاش ئىككىنچى بىر ئىلاھ بولالمايدۇ. ئۈچىنچىسى (مۇمكىنۇل ۋۇجۇتتۇر). يەنى ھەم بار ھەم يوقتۇر. پۈتۈن ئالەملەر، پۈتۈن مەخلۇقاتلارمۇ شۇنداق. (ۋۇجۇت) سۆزلىكىنىڭ قارشى مەنىسى (ئادەم) سۆزلىكىدۇر. ئادەم، يوقلۇق دىمەكتۇر. ئالەملەر، يەنى ھەممە نەرسە، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن بۇرۇن ئادەمدە بار ئىدى..]

مەۋجۇت، يەنى بار بولغان نەرسە ئىككى تۈرلۈكتۇر: بىرىنچىسى (مۇمكىنچىلىك)، ئىككىنچىسى بولسا (ۋاجىپتۇر). ئەگەر مەۋجۇتلۇق پەقەتلا بىر مۇمكىنلىك بولغان بولسا ۋە ۋاجىبۇل ۋۇجۇت بولمىغان بولسا، ھىچبىر نەرسە بولمىغان بولاتتى. [چۈنكى يوقلىقتىن بارلىققا كەلمەك، بىر ئۆزگىرىشتۇر، بىر ھادىسىدۇر. بىزنىڭ فىزىك بىلىملىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، ھەر بىر جىسىمدا ھادىسە يۈز بىرىشى ئۈچۈن، بۇ جىسىمغا تاشقى بىر كۈچ تەسىر قىلىشى، بۇ كۈچ مەنبەسى بۇ ئوبىكتىپتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى كىرەك]. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇمكىن بولغان مەۋجۇت ئۆزلىكىدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭغا بىر كۈچ تەسىر قىلمىغان بولغان ئۇ ھەمىشە يوقلۇق ئىچىدە قالغان بولاتتى. مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتى. ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالالمىغان ھەر قانداق بىر نەرسە، باشقا مۇمكىنچىلىكلەرنىمۇ ئەلۋەتتە ئايرىدە قىلالمايدۇ، يارىتالمايدۇ. مۇنكىنچىلىكنى ياراتقاننىڭ ۋاجىبۇل ۋۇجۇت بولىشى لازىمدۇر. دۇنيانىڭ مەۋجۇتلىقى، دۇنيانى يوقلىقتىن ئايرىدە قىلغان ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ھادىسە ۋە مۇمكىنچىلىك بولماستىن، يەنى دائىما مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، پۈتۈن مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، پەقەت ۋە پەقەت ۋاجىبۇل ۋۇجۇتتۇر. ئۇ قەدىمكىدۇر. ھەمىشە بار ئىدى. ۋاجىبۇل ۋۇجۇت دىمەك، ۋۇجۇت باشقىسىدىن ئەمەس، ئۆزىدىن دىگەنلىكتۇر. يەنى ئۇ ئۆزلىكىدىن ھەمىشە مەۋجۇتتۇر. باشقىلار تەرىپىدىن يارىتىلمايدۇ. ئەگەر بۇنداق بولماي تۇرۇپ، ھادىسە ۋە مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ

بولىشى ، باشقىلار تەرىپىدىن يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئوي-پىكىرلەرگە زىت بولغان بىر نەتىجىدۇر. يارىسچىدە (خۇدا) دىمەك، ئۆزلىكىدىن يارىتىلغان، يەنى قەدىمكى دىمەكتۇر. [كىتابىمىزنىڭ 1- قىسىم، ئالتىنچى ماددىسى، 74-بەتتىدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلار بار. ئۇ يەرگىمۇ قاراڭ!]

دۇنيانىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇردىغان بىر تەرتىپ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىلىم-پەن ھەر يىلى بۇلارنىڭ يىڭىللىرىنى ئوتتۇرغا قويىۋاتىدۇ. بۇ تەرتىپنى ياراتقۇچىنىڭ (خاي) يىرىك، (ئالىم) بىلىملىك، (قۇدۇرەتلىك) قاھىر، (مۇرىد) تىلىگۈچى، (شەمى) ئاڭلىغۇچى، (باسىر) كۆرگۈچى، (مۇتەكەللىم) سۆزلىگۈچى ۋە (خالىك) ياراتقۇچى بولىشى كىرەكتۇر. چۈنكى ئۆلۈش ۋە نادان بولۇش، كۈچ-قۇۋۋەتى يەتمەسلىك ۋە زورلاپ تۇرۇپ قىلىش، گاسلىق ۋە قارىغۇلۇق ۋە سۆزلىيەلمەسلىك بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كەمتۈكچىلىكتۇر، خىجىل بولىشقا تىگىشلىك نەرسىلەردۇر. بۇ كائىناتنى، بۇ ئالەمنى بۇ تەرتىپ ئىچىدە يارىتىشتا ۋە يوق بولۇپ كىتىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدا بۇنىڭغا ئوخشاش كەمتۈكچىلىكلەر مەۋجۇت ئەمەس.

[ئاتومدىن يۇلتۇزلارغىچە، ھەر بىر مەۋجۇدات بىر ھساپ بىلەن، قانۇن بىلەن يارىتىلغان. فىزىكىدا، خىمىيەدە، ئاستىرونىمدە ۋە بىيولوگىيەدىكى ئىجاد قىلىنىغان قانۇنلار ۋە باغلىنىشتىكى تەرتىپلەر ئىنسانىنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. دارۋىنمۇ، (ئىنسانىنىڭ كۆز قۇرۇلمىسىدىكى تەرتىپ، ئىنچىكە نۇقتىللىرىنى ئويلىغىنىمدا بەك ھەيران قالىمەن) دىگەن. ھاۋا 78 پىرسەنت ئازوت، 21 پىرسەنت ئوكسىگىن ۋە بىر پىرسەنت گازنىڭ ئارلاشمىسىدۇر. بىرلىشىشى ئەمەس، ئارلاشمىسىدۇر. ئوكسىگىن 21 پىرسەنتتىن جىق بولغان بولسا ئىدى، ئۆپكىمىزنى كۆيدۈرگەن بولاتتى. 21 پىرسەنتتىن ئاز بولغان بولسا ئىدى، قىنىمىزدىكى ماددىلارنى كۆيدۈرەلمىگەن بولاتتى. ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ياشيالمىغان بولاتتى. بۇ 21 پىرسەنت مىقدار ھەر قانداق يەردە ۋە يامغۇردىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ بىر بۆيۈك نىممەتتۇر. بۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، قۇدرىتىنى مەرھەمىتىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ بۇلاردىن باشقا، كۆزنىڭ قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالغان. ئىلىم-پەندە ئۆگىنىلگەن پۈتۈن قانۇنلارنى، ئىنچىكە ھساپلاشلارنى ۋە فورمىلالارنى تۈزگەن ياراتقۇچىدا نۇقسانى بار سۈپەتلەر بولامدۇ؟]

بۇنىڭدىن باشقا، ئىسمى تىلغا ئىلىنغان كامىل سۈپەتلىرىنى بىز مەخلۇقاتلاردىمۇ

كۆرىمىز. ئۇلارنى مەخلۇقاتلاردا ياراتقان. ئەگەر بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە بولمىغان بولسا، مەخلۇقاتلاردا قانداقسىگە ياراتقان بولاتتى؟ ئەگەر ئۆزىدە بولمىغان بولسا، مەخلۇقاتلار ئۇنىڭدىن تىخىمۇ ئۈستۈن بولغان بولاتتى.

يەنە دەيمىزكى، ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسىدا مۇكەممەللىك، ئەۋزەل سۈپەتلەرنىڭ بولىشى ۋە كەمتۈك سۈپەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بولماسلىقى لازىمدۇر. چۈنكى، كەمتۈكچىلىكى ۋە نۇقسانى بولغان خۇدا، ياراتقۇچى بولالمايدۇ.

ئەقىل كۆرسەتكەن بۇ دەلىللەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئايەت ۋە ھەدىس شەرىفتە، ئاللاھۇ تائالانىڭ مۇكەممەل سۈپەتلىرىنىڭ بارلىقى ئىنىق بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن گۇمان قىلىش جائىز ئەمەس. گۇمان قىلىش كۇپۇرلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇقىرىدا يىزىلغان سەككىز مۇكەممەل سۈپەتلەرگە (سىفاتى سۈبۇتىيە) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى ئاللاھۇ تائالانىڭ سىفتنى سۈبۇتىيەسى سەككىز تۈرلۈكتۈر. ئاللاھۇ تائالادا بارلىق مۇكەممەل سۈپۈتلەر باردۇر. ئۇنىڭ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدە ھىچبىر كەمچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەر بولمايدۇ. (سىفاتى زاتىيە) ۋە (سىفاتى زۈتۈبىيە) بولسا (ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بىرسى مەخلۇقاتلاردا ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، ئۇ كىشى (مۇشرىك) بولىدۇ.

## —3—

## ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى

پۈتۈن ئالاملەرنى ھەر دەقىقە مەۋجۇت قىلىپ تۇرغان، ھەر ۋاقىت ھازىر ۋە كامىل بولغان ۋە پۈتۈن ياخشىلىقلارنى ۋە نىممەتلەرنى بەرگۈچى ئاللاھۇ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن ھازىر، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ''سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم'' سۆزلىرىنى ئىزاھلاشقا باشلايمىز.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى، ساھابىلەرنىڭ ئۈستۈنلىكىدىن، ھەر ۋاقىت توغرا سۆزلىگۈچى ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇردۇر، سۆيۈملۈك چوڭلىرىمىزدىن ئۆمەر بىن خاتتاپ ''رەدىيەللاھۇ ئەنھا'' مۇنداق دەيدۇ:

(شۇنداق بىر كۈن ئىدى، ساھابىلەردىن بىر قانچىمىز رەسۇلىللاھ ''سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم'' پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا ۋە خىزمىتىدە بولدۇق.) ئۇ كۈن،

ئۇ سائەت شۇنچىلىك شەرەپلىق، شۇنچىلىك قىممەتلىك ۋە ھېچ يەتكىلى بولمايدىغان بىر كۈن ئىدى. ئۇ كۈن رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىدە، يېنىدا تۇرۇپ ھۆرمەتكە سەزاۋەر بولۇش، رۇھلارغا ئوزۇق بولىدىغان، خوشاللىق ۋە ھۇزۇر بېرىدىغان مۇبارەك جامالىنى كۆرۈش نېسىپ بولدى. ئۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى ۋە قىممىتىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق بىر كۈن ئىدى...) دەپ يېزىلغان. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئىنسان شەكلىدە كۆرۈش، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش، قۇللارنىڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئۆچۈرلارنى ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئېنىق قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ "سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم" مۇبارەك ئېغىزىدىن ئاڭلاش نېسىپ بولغان بىر كۈنگە ئوخشاش، شەرەپلىك ۋە قىممەتلىك بىر ۋاقىت تاپقىلى بولامدۇ؟

(ئۇ ۋاقىت، ئايىنىڭ چىقىشىغا ئوخشاش، بىر زات يېنىمىزغا كەلدى. كىيىملىرى ئىنتايىن ئاپئاق، چاچلىرى قاپقارا ئىدى. ئۇنىڭدا چاڭ-توزان، تەر دېگەندەك ساياھەت قىلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى يوقتى. رەسۇلۇللاھنىڭ "سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم" ساھابىلىرى بولغان بىزدىن ھېچكىم ئۇنى تونۇمايتۇق. يەنى بىز كۆرگەن ۋە بىلىدىغانلاردىن بىرى ئەمەستى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ "سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم" ھۇزۇرۇغا كېلىپ ئولتۇردى. تىزلىرىنى مۇبارەك تىزلارغا يېقىنلاشتۇردى). بۇ كەلگەن زات جىبرىئىل ناملىق پەرىشتە ئىدى. ئۇ ئىنسان شەكلىدە ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق ئولتۇرۇشى، ئەدەپكە ماس كەلمەيدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ھالى، مۇئمىن بىر نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى دىنى بىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىنزا تارتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ۋە تەلىم بەرگۈچىگە كىبىرلىكنىڭ ياراشمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى. ھەممە كىشىنىڭ دىندا ئۆگىنىشنى خالىغان نەرسىسىنى مۇئەللىملەرگە خالىغان شەكىلدە ۋە زېرىكمەي تۇرۇپ سورىشى كېرەكلىكىنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەرگە بۇ شەكىل ئارقىلىق چۈشەندۈردى. چۈنكى دىنىنى ئۆگىنىشتە ئىنزا تارتىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى قايتۇرۇشتا ۋە ئۆگىتىشتە زېرىكىش توغرا ئەمەس.

(ئۇ شەرەپلىك زات قوللىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ "سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللام" مۇبارەك تىزلىرى ئۈستىگە قويدى. رەسۇلۇللاھتىن سورىدى، يا رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلىقنى چۈشەندۈر دېدى). (ئىسلام) دېمەك، لۇغەتتە، بويۇن ئېگىش، ئېگىلىپ تەسلىم بولۇش دېگەنلىكتۇر. رەسۇلۇللاھ "سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم" ئىسلام سۆزىنىڭ ئىسلامىيەتتە بەش تۈرلۈك ئاساسى تۈرۈكنىڭ ئىسمىنى

شۇنداق بايان قىلىدۇ:

رەسۇلۇللاھ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ مۇنداق دەيدۇ:

-1 ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىدىن بىرى (شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتماق).
شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتماق، (ئەشھەدۇ ئانلائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رۇسۇلۇھ) دېمەكتۇر. يەنى ئەقلىي ۋە بىلىمى ۋە گەپ قىلالايدىغان بىر كىشى، (يەردە ۋە ئاسماندا، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىبادەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق ۋە ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە ۋە ھېچكىم يوقتۇر. ھەقىقى مەبۇد پەقەتلا ئاللاھۇ تائالادۇر). ئۇ ۋاجىبۇل ۋۇجۇتتۇر. بارلىق ئۈستۈنلىك ئۇنىڭدا بار. ئۇنىڭدا ھېچبىر نۇقسان يوق. ئۇنىڭ ئىسمى (ئاللاھتۇر)، دېيىشى ۋە بۇنىڭغا چىن قەلبى بىلەن ئىشىنىشى كېرەك. يەنە كېلىپ، ئەتتىرگۈل رەڭلىك، ئاق، قىزىل، جۇلالىق، مۇلايىملىق يۈزلۈك، قارا قاشلىق ۋە پېشانىسى ئوچۇق، خۇش مىجەزلىك، سايىسى يەرگە چۈشمەيدىغان ۋە شېرىن سۆزلۈك، مەككىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەرەپ دېيىلگەن، ھاشىمى ئوغۇللىرىدىن (ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىسمىدا بىر زات، ئاللاھۇ تائالانىڭ قۇلى ۋە رۇسۇلىدۇر. يەنى پەيغەمبەردۇر). ۋەھەبنىڭ قىزى ھەزرىتى ئامىنەنىڭ ئوغلىدۇر. [مىلادى -571 يىلى -4ئاينىڭ -20كۈنى، دۈشەنبە كۈنى ئەتتىگەن، تاڭ سەھەردە] مەككە شەھرىدە دۇنياغا كەلدى. 40 يېشىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بېرىلدى. بۇ يىلغا (بىسەت يىلى) دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، 13 يىل مەككىدە، ئىنسانلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى. ئاللاھۇ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن، مەدىنە شەھرىگە ھىجرە قىلدى. بۇ يەردە ئىسلامىيەتنى ھەر يەرگە تارقاتتى.
ھىجرەتتىن 10 يىل كېيىن، يەنى مىلادى -632 يىلى ئىيۇندا، رەببىيۇل ئەۋۋەلنىڭ -12 كۈنى دۈشەنبە ئالەمدىن ئۆتتى. [تارىخشۇناسلار مەككە مۇكەررەمدىن مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھرىگىچە بولغان ھىجرەتتە، مىلادى -622 يىلىدا، سافەر ئېيىنىڭ -27 كۈنى پەيشەنبە ئاخشامغىچە سەۋر تېغىدىكى ئۆڭكۈرگە كىردى. دۈشەنبە كۈنى ئۆڭكۈردىن چىقتى.
-20سىنتەبىر ۋە -7سىنتەبىر رەببىيۇل ئەۋۋەلنىڭ -8 كۈنى مەدىنى شەھرىنىڭ كۇبا كەنتىگە قەدەم قويدى. بۇ مەسۇد كۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ (ھىجرى شەمسى) يىلىنىڭ باشلىنىشى بولدى. شىئەلەرنىڭ ھىجرى شەمسى يىلىنىڭ باشلىنىشى، بۇنىڭدىن ئالتە ئاي بۇرۇن بولىدۇ. يەنى ئوتقا چوقۇنىدىغان مەجۇسى كاپىرلىرىنىڭ نورۇز بايرىمى بولغان مارت ئاينىڭ -20كۈنى باشلايدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تەڭ بولغانلىقى، پەرشەنبە كۈنىنىڭمۇ كۇبادا قىلىپ، جۇمە كۈنى كەتتى. ئۇ كۈنى مەدىنەگە كىردى. ئۇ يىلىنىڭ

مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى (ھىجرى قەمەرى) باشلىنىش قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ قەمەرى يىلىنىڭ باشلىنىشى، ئىيۇلنىڭ 16-كۈنى جۈمە كۈنى ئىدى. ھەر قانداق مىلادى يىلىنىڭ باشلىنىشىغا توغرا كېلىدىغان ھىجرى شەمسى يىلى، بۇ مىلادى يىگى يىلىنىڭ 622-يىلى باشلىنىشىدۇر. ھەر قانداق بىر ھىجرى شەمسى يىلىنىڭ باشلىنىشىغا تگرا كېلىدىغان مىلادى يىلى، بۇ يىگى شەمسى يىلىدىن 621 كۆپتۇر.]

2- ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى پىرىنسىپلىرىدىن ئىككىنچىسى، شەرتلىرىگە ۋە پەرىزلىرىگە ماس كېلىدىغان، ھەر كۈن بەش ۋاق (ۋاقتى كەلگەندە، ناماز ئوقۇشتۇر). ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ، ھەر كۈن، ۋاقتى كەلگەندە، بەش قېتىم ناماز ئوقۇشى ۋە ھەر بىرىنى نەق ۋاقتىدا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشى پەرىزدۇر. نادانلارنىڭ، مەزھەپسىزلەرنىڭ تەييارلىغان خاتا كالىندارلىرىغا ئەگىشىپ، ۋاقتىدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇش بۈيۈك بىر گۇناھتۇر ھەمدە بۇ ناماز سەھىھ بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پېشىن نامىسىنىڭ سۈننىتىنىڭ ۋە شام نامىزىنىڭ پەرىزىنىڭ ۋاقتىدا قىلىشى كېرەكتۇر. [ناماز ۋاقتى كېلىشى، مەزىنىنىڭ ئەزان ئوقۇشى بىلەن بىلىنىدۇ. كاپىرلەرنىڭ، بىدئەت ئەھلىنىڭ ئوقۇغان ۋە hoPar-lör غا ئوخشاش چالغۇلارنىڭ ئاۋازلىرىغا (ئەزانى مۇھەممەد) دىيىلمايدۇ.] نامازلىرىنى، پەرىزلىرىنى، ۋاجىپلەرگە، سۈننەتلىرىگە دىققەت قىلىپ ۋە قەلبىنى ئاللاھۇ تائالىغا ئاتاپ، نامازلىرىنى ۋاقتىدا قىلىشتۇر. قۇرئان-كەرىمدە، نامازغا (سالات) بۇيرۇلىدۇ. سالات، لوغەتتە ئىنساننىڭ دۇئا قىلىشى، پەرىشتىلەرنىڭ ئىستىغفار ئېيتىشى، ئاللاھۇ تائالانىڭ مەرھەمەت قىلىشى، ئىچ ئاغرىتىشى دىمەكتۇر. ئىسلامىيەتتە (سالات) دىمەك، ئىلمىھال كىتاپلىرىدا بىلدۈرۈلگەن شەكىلدە، مەلۇم ھەركەتلەرنى قىلىش ۋە مالۇم نەرسىلەرنى ئوقۇش دىمەكتۇر. ناماز ئوقۇش ( ئىفتىتاھ تەكبىرى) بىلەن باشلىنىدۇ. يەنى ئەركەكلەرىڭ قوللىرىنىڭ قولاقلىرىنىڭ تۈۋىگىچە كۆتۈرۈپ كىندىكىنىڭ ئاستىغا ۋە ئاياللارنىڭ قوللىرىنى مۆرىسىگىچە كۆتۈرۈپ، كۆكرەك ئۈستىگە چۈشۈرگەندە، (ئاللاھۇ ئەكبەر) دىيىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا، بىشىنى ئوڭ ۋە سول مۆرىللىرىگە بۇراپ سالام بىرىشى بىلەن تاماملىنىدۇ.

3- ئىسلامنىڭ بەش ئاساسي پىرىنسىپلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى (مۈلۈكلىرىنىڭ زاكىتىنى بىرىشتۇر). زاكاتىنىڭ لۇغەت مەنىسى، تازلاش ۋە ماختاش ۋە ياخشى، گۈزەل ھالەتكە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامىيەتتە زاكات دىگەنلىك، ئىھتىياجىدىن كۆپ ۋە (نىساب) دەپ ئاتىلىدىغان مەلۇم بىر مىقداردىكى (زاكات ماللىرى) بولغان بىرسىنىڭ

مالللىرىنىڭ مەلۇم بىر مىقدارىنى ئايرىپ، قۇرئان كەرىمدە دېيىلگەن مۇسۇلمانلارغا بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. زاكات يەتتە تۈرلۈك ئىنسانلارغا بېرىلىدۇ. تۆت مەزھەپتە تۆت تۈرلۈك زاكات مەيلى بار: ئالتۇن-كۈمۈش زاكىتى، تىجارەت مەيلى زاكىتى، يېرىم يىلدىن كۆپرەك ئوتلاقتا ئوتلىغان تۆت تۇياقلىق ماللارنىڭ زاكىتى ۋە زىرائەت زاكىتىدۇر. تۆتىنچى زاكاتقا (ئۆشرە) دېيىلىدۇ. يەردىن ھوسۇل ئېلىنىپ ئۆشرە بېرىلىدۇ. باشقا ئۈچ زاكات ھىساپ-كىتاپ قىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن بېرىلىدۇ.

4- ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىي پىرىنسىپلىرىدىن تۆتىنچىسى (رامزان ئېيىدا ھەر كۈن روزا تۇتۇشتۇر). روزا تۇتۇشقا (ساۋام) دېيىلىدۇ. ساۋام لۇغەتتە، مەلۇم بىر نەرسىنى مەلۇم بىر نەرسىدىن قوغداش دېگەنلىكتۇر. ئىسلامىيەتتە، شەرتلىرىنى بىلىش ئارقىلىق، رامزان ئېيىدا، ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ھەر كۈنى ئۈچ نەرسىدىن ئۆزىنى قوغداش كىرەك. بۇ ئۈچ نەرسە، يېيىش، ئىچىش ۋە ئەر-ئاياللارنىڭ بىرگە بولۇشتۇر. رامىزان ئېيى ئاسماندىكى ئاينى [يېڭى ئاينى] كۆرۈش بىلەن باشلىنىدۇ. كالىندار بويىچە ئالدىن ھساپلاش بىلەن باشلانمايدۇ.

5- ئىسلامدىكى بەش ئاساسىي پىرىنسىپلارنىڭ بەشىنچىسى (كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەجنى تاۋاپ قىلىشتۇر). يول بىخەتەر ۋە بەدەن ساغلام بولسا، مەككە مۇكەررەم شەھرىگە بېرىپ-كېلىشكىچە، ئارقىدا قالدۇرۇپ كەتكەن بالىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك مال-مۈلكىدىن باشقا مەككىگە بېرىپ كېلەلىگۈدەك بىرسىنىڭ، ئۆمرۈدە بىر قېتىم كەبىنى تاۋاپ قىلىشى ۋە ئارافات مەيدانىدا تۇرۇشى پەرىزدۇر.

ئۇ زات رەسۇلۇللاھتىن بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغاندا، (توغرا ئېيتتىڭ، يا رەسۇلىللاھ) دېدى. ساھابىلەردىن ئۇ يەردە بولغانلار، ئۇ زاتنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھەيران قالدى، ئۆمەر ”رەدىيەللاھۇ ئەنھاغا“ خەۋەر قىلدى. چۈنكى، بۇ زات ھەم سوئال سورايدۇ ھەم سورالغان سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلايتى. بىر نەرسىنى سوراش، بىلمىگەن نەرسىنى ئۆگىنىشنى خالىماق دېگەنلىكتۇر. توغرا دېدىڭىز دېيىشى، ئۇ نەرسىلەرنى بىلىدۇ دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىي پىرىنسىپلىرىدىن ئەڭ ئەۋزىلى، (شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتماق) ۋە مەنىسىگە ئىشىنىشتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋزىلى بولسا ناماز ئوقۇشتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى روزا تۇتۇشتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى بولسا ھەجگە بېرىشتۇر. ئەڭ ئاخىرقىسى بولسا، زاكات بېرىشتۇر. شاھادەت

كەلىمىسىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى، ھەممىمىزگە بىردەك ئىنىقتۇر. كېيىنكى تۆتىنىڭ ئەۋزەللىك تەرتىپىدە، ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۆزى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەكتۇر. شاھادەت كەلىمىسى مۇسۇلمانلىقنىڭ باشلىنىشىدا تۇنجى بولۇپ پەرىز قىلىندى. بەش ۋاق ناماز، بىسەتنىڭ 12- يىلدا ۋە ھىجرەتتىن بىر يىل ۋە بىر قاچ ئاي بۇرۇن مىراج كېچىسى پەرىز بولدى. رامىزان شەرىف روزىسى، ھىجرەتنىڭ 2-يىلىدا شابان ئىيىدا پەرىز بولدى. زاكات بىرىش ۋە روزىنىڭ پەرىز بولغان يىلى، رامزان ئىيىدا بولدى. ھەج بولسا، ھىجرەتنىڭ 19-يىلى پەرىز بولدى.

بىر كىشى ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىي پىرىنسىپلىرىدىن بىرسىنى ئىنكار قىلسا، يەنى ئىشەنمەي قوُبۇل قىلمىسا، مەسخىرە قىلىپ، ھۆرمەت قىلمىسا، نەئۇزىبىللاھ كاپىر بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش، ھارام ۋە ھالال بىردەك ئىنىق بىلدۈرۈلگەن باشقا نەرسىدىن بىرسىنمۇ قوُبۇل قىلمىغان، يەنى ھالالغا ھارام دىگەن ياكى ھارامغا ھالال دىگەن كىشىمۇ كاپىر بولىدۇ. دىندا قىلىشقا تىگىشلىك بولغان، يەنى ئىسلام دۆلەتلىرىدە ياشىغان نادانلارنىڭمۇ ئاڭلىغان، بىلىدىغان دىنى ئۆلىمالىرىدىن بىرسىنى ئىنكار قىلغان، ياخشى كۆرمىگەن كىشى كاپىر بولىدۇ.

[مەسىلەن، چوشقا گۆشى يىگەن، شاراپ ئىچكەن، قىمار ئوينىغان ۋە قىز-ئاياللارنىڭ بىشىنى، چاچلىرىنى، قوللىرىنى ۋە پاچاقلىرى ئوچۇق بولىشى، ئەركەكلەرنىڭ تىزلىرى بىلەن كىندىكى ئارىسىدىكى يەرلەر ئوچۇق ھالەتتە باشقىلارنىڭ يىنىغا بىرىشى ھارامدۇر. يەنى، ئاللاھۇ تائالا بۇلارنى چەكلىگەن. ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە چەكلەشلىرىنى بىلدۈرگەن تۆت ھەق مەزھەپ، ئەركەكلەرنىڭ ئەۋرەت يەرلىرىنى، يەنى باشقىلارنىڭ كۆرىشى ۋە قارىشى مەنئىي قىلىنغان ئەۋرەت يەرلىرىنى باشقىچە ئىزاھلىغان. ھەر بىر مەزھەپنىڭ بىلدۈرگەن ئەۋرەت يەرلىرىنى يىپىشى پەرىزدۇر. ئەۋرەتلىرىنى ئىچىشى ۋە باشقىلارنىڭ بۇنىڭغا قارىشى ھارامدۇر. (قىميايي سائادەتتە) دەيدۇكى،(ئاياللارنىڭ، قىزلارنىڭ بىشى، چىچى، قوللىرى ۋە پاچاقلىرى ئوچۇق بىر شەكىلدە كوچىغا چىقىشى ھارام بولغىنىدەك، نىپىز، پەردازلانغان، تار، خۇشپۇراق كىيىملەر بىلەن كوچىغا چىقىشى ھارامدۇر. بۇ شەكىلدە كوچىغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلغان، رازى بولغان ۋە ياقتۇرغان ئاپىسى، دادىسى، يولدىشى ۋە قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ قىلغان گۇناھلىرىغا ئورتاق بولغان بولىدۇ). يەنى جەھەننەمدە بىللە دوزاق ئازابىدا كۆيىدۇ. ئەگەر تۆۋبە ئىيتسا، كەچۈرۈلۈم قىلىنىدۇ، دوزاق ئوتىدا كۆيمەيدۇ. ئاللاھۇ تائالا تۆۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەقلىي بار، بالاغەتكە يەتكەن قىزلارنىڭ ۋە

ئايەتلەرنىڭ باشقا ئەركەكلەر بىلەن كۆرۈشمەسلىكى، ھىجرەتنىڭ -3 يىلى نازىل بولدى. ئىنگلىز جاسۇسلىرىنىڭ توزىقىغا چۈشكەن نادانلار، ھىجاپ ئايىتى كىلىشتىن بۇرۇنقى ھىجاپلانماسلىقنى ئۇنتۇرغا قويۇش ئارقىلىق، ھىجاپلىنىشنى كىيىن فىقىھشۇناسلار ئۇيدۇرۇپ چىقتى دىيىشلىرىگە ئالدانماسلىق كىرەك.

مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى دىگەن بىرى، قىلغان ھەر بىر ئىشىنىڭ، ئىسلامىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ-بولمىغانلىقىنى بىلىشى كىرەك. ئەگەر بىلمىسە، ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىدىن سوراش ياكى بۇ ئۆلىمالارنىڭ كىتاپلىرىدىن ئوقۇش ئارقىلىق ئۆگىنىشى كىرەك. ئەگەر قىلغان ئىشى ئىسلامىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسا، گۇناھ ۋە كۇپۇرلۇقتىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەر كۈنى چىن قەلبىدىن تۆۋبە ئىيتىشى كىرەك. گۇناھىغا ۋە كۇپۇرلۇقىغا قىلىنغان تۆۋبە، چوقۇم كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. تۆۋبە قىلمىسا، دۇنيادا ۋە جەھەننەمدە جازاسىنى ۋە ئازابىنى تارتىدۇ. بۇ جازالار كىتابىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يىزىلغان. بۈيۈك گۇناھ سادىر قىلغان مۇسۇلمان، قىلغان گۇناھلىرىغا ئوخشاش دوزاق ئوتىدا كۆيدۈكتىن كىيىن ، جەھەننەمدىن چىقىدۇ. ئاللاھۇ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئىسلامىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان كاپىرلار، زىندىقلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ كۆيىدۇ.

ئەركەكلەر ۋە ئاياللار ناماز قىلغاندا ياكى ھەر قانداق يەرلەردە يىپىشقا تىگىشلىك بولغان يەرلىرىنى (ئەۋرەت يىرى) دىپ ئاتايمىز. ئەۋرەتلىرىنى ئىچىش ۋە باشقىلارغا ئەۋرەت يەرلىرىنى كۆرسىتىش ھارامدۇر. ئىسلامدا ئەۋرەت يىرى يوق دىگۈچىلەر كاپىر بولىدۇ. تۆت مەزھەپتىمۇ ئەۋرەت يەرلىرىنى ئىچىش ۋە باشقىلارنىڭ ئەۋرەت يەرلىرىگە قاراش ھالال دىگۈچىلەر، بۇنى مۇھىم دەپ بىلمىگەنلەر، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمىغان كىشى كاپىر بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ئەۋرەت يەرلىرىنى ئىچىشى ۋە ئەركەكلەرنىڭ ئالدىدا ناخشا ئىيتىشى ۋە مەۋلىد ئىيتىشى بۇنىڭغا ئوخشاش. ئەركەكلەرنىڭ تىز ۋە كىندىكى ئارىسىدىكى يەرلەر ھانبەلى مەزھىپىدە ھارام ئەمەس.

(مەن مۇسۇلمان) دىگەن بىرى، ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ شەرتلىرىنى ۋە تۆت مەزھەپنىڭ ئىجابىنى، يەنى بىردەك قارارلاشتۇرغان پەرىزلىرىنى ۋە ھاراملىرىنى ئۆگىنىشى ۋە بۇنىڭغا دىققەت قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. بىلمەسلىكى ئۆزرۈر ھىساپلانمايدۇ. يەنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشەنمىگەنگە ئوخشايدۇ. ئاياللارنىڭ قولى ۋە يۈزىدىن باشقا يەرلىرى تۆت مەزھەپتە ھەممىسىدە ئەۋرەت ھىساپلىنىدۇ. ئىجابەت قىلمىغان، يەنى ئۈچ مەزھەپنەڭ بىرسىگە نىسبەتەن ئەۋرەت ھىساپلانمايدىغان بىر يەرنى، مۇھىم دەپ قارىماي ئاچقان

كىشى كاپىر بولغان ھىساپلانمىسىمۇ، ئۆز مەزھىپىگە نىسبەتەن بۈيۈك گۇناھ قىلغان بولىدۇ. ئەركەكلەرنىڭ تىز بىلەن كىندىك ئارىسىدكى يەر، يەنى يوتىلىرىنى ئىچىشمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش. بىلمىگەن نەرسىنى ئۆگىنىش پەرىزدۇر. ئۆگەنگەندىن كىيىن چوقۇم تۆۋبە قىلىشى ۋە ئەۋرەت يەرلىرىنى يىپىشى كىرەك.

يالغان ئىيتىش، پىتنە-ئىغۋا قىلىش، غەيۋەت ۋە تۆھمەت قىلىش، ئوغۇرلۇق قىلىش، ھىيلىگەرلىك قىلىش، خىيانەت قىلىش، قەلبىنى رەنجىتىش، فىتنە-ئىغۋا تارقىتىش، باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ئۇ كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ئىشلىتىش، ئىشچىنىڭ ۋە توشۇغۇچىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمەسلىك، دۆلەتكە قارشى ئىسيان چىقىرىش، يەنى قانۇنلىرىغا، ھۆكىمەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە قارشى چىقىش، باج تاپشۇرماسلىقمۇ گۇناھ بولىدۇ. بۇلارنى كاپىرلەرگە قارشى ۋە كاپىر دۆلىتىدە قىلىشمۇ ھارام ھىساپلىنىدۇ. نادانلارنىڭ بىلمىگىنىدەك، مەشھۇر ۋە زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەرنى نادانلارنىڭ بىلمەسلىكى كۇپۇرلۇق ھىساپلانمايدۇ. فىسق، يەنى گۇناھ بولىدۇ. -475 بەتكە قاراڭ!

## —4—

## ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى

(بۇ كىشى يەنە بىر قىتىم سوراش ئارقىلىق، رەسۇلىللاھ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!“ (ئىماننىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ماڭا چۈشەندۈرگىن) دىدى). ئىسلامنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى سورىغاندىن كىيىن ۋە جاۋابى بىرىلگەندىن كىيىن جىبرىئىل ”ئەلەيھىسالام“ رەسۇلىللاھتىن ” سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئىمان لۇغەتتە، بىر كىشىنى توغرا تونۇش، ئۇنىڭغا ئىشىنىش دىگەنلىكتۇر. ئىسلامىيەتتە ئىمان دىمەك، رەسۇلىللاھ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ئاللاھىنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغانلىقىغا، بىر خەۋەرچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ تۇرۇپ ئىيتىشى ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىش، كەڭ دائىرىدە بىلدۈرگەنلىرىگە كەڭ دائىرىدە ئىشىنىش ۋە كۈچىنىڭ يىتىشىچە شاھادەت كەلىمىسى ئىيتىش دىگەنلىكتۇر. كۈچلۈك ئىمان شۇنداق بولىدۇكى، ئوتنىڭ كۆيدۈرۈپ، يىلاننىڭ زەھەرلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قاچقانغا ئوخشاش، چىن قەلبىدىن ئاللاھۇ تائالا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى چوڭ بىلىپ ئىشەنمەك ۋە ئۇنىڭ رىزاسىغا ۋە جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئازابىدىن ۋە غەزىپىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىماننى مەرمەر ئۈستىگە يىزىلغان يىزىققا ئوخشاش قەلبىمىزگە مۇستەھكەم

ئورنىتىشىمىز كېرەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلدۈرگەن ئىمان بىلەن ئىسلام ئوخشاش. شاھادەت كەلىمىسىگە ئىشىنىش، ھەر ئىككىسىدە بار. بەزى جەھەتلەردە ئوخشىماشلىقلىرى بولسىمۇ، لۇغەت مەنىسى ئوخشاش بولمىغاندىن سىرت، ئىسلامدا ھېچقانداق پەرقى يوقتۇر.

ئىمان يالغۇز بىر نەرسىمۇ ياكى بىر نەچچە نەرسىنىڭ بىرلەشمىسىمۇ؟ بىرلەشمىسى بولسا، قانچە پارچىدىن تەركىب تاپىدۇ؟ ئەمەللەر، ئىبادەتلەر ئىمان ھېساپلىنامدۇ؟ مېنىڭ ئىمانىم بار دېگەندە، ئىنشائاللاھ دېيىش جائىزمۇ؟ ئىماندا ئازلىق، كۆپلۈك بولامدۇ؟ ئىمان مەخلۇقمۇ؟ ئىمان ئىيتىش ئىنسانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىشمۇ؟ ياكى بولمىسا مۆمىنلەر زورلۇق بىلەن ئىمان ئىيتقۇزۇلغانمۇ؟ ئەگەر ئىماندا زورلۇق ۋە جاپا-مۇشەققەت بولسا، ھەممە كىشىنىڭ ئىمان ئىيتىشى نېمىشقا بۇيرۇلغان؟ بۇلارنى ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈشكە ئۆزۈن ۋاقىت كېتىدۇ. شۇنىڭغا ھەربىرىنىڭ جاۋابىنى بۇ يەردە ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرمەيمەن. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەشئالى ۋە مۇتەزىلە مەزھەپلىگە نىسبەتەن، مۇمكىن بولمىغان بىر نەرسىنىڭ قىلىنىشىنى، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئەمىر قىلىنىشى جائىز ئەمەستۇر. ئۆزى بىر مۇمىن بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ئەمىر قىلىشى، مۇتەزىلىيە مەزھىپىگە نىسبەتەن جائىز ئەمەستۇر. ئەشئارىيە مەزھىپىگە نىسبەتەن بۇ جائىزدۇر. پەقەت ئەمىر قىلىنمىغان. ئىنسانغا ئاسماندا ئۇچۇشنى بۇيرۇش بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئىمان، ئىبادەتلەر ۋە ئەمەللەرنى قىلىشتا، ئالاھۇ تائالا، قۇللىرىدىن كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمان بىر ساراڭ، ، ئەقلي جايىدا ئەمەس، ئۇخلاۋاتقان ۋە ئۆلگەن كىشى، بۇ ئەھۋالنى بىلىپ تەستىقلىيالمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقى داۋاملىشىدۇ.

بۇ ھەدىس شەرىفتە ئىماننىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئويلاشماسلىق كېرەك. چۈنكى لۇغەت مەنىسى، تەستىقلاش ۋە ئىشىنىش دېگەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەپ ناداننلىرىدىن بۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ”رەدىيالللاھۇ تەئەلا ئانھۇم ئەجمائىن“نى بىلىدۇ. جىبرئىل ئەلەيھىسسالام ئىماننىڭ مەنىسىنى ساھابىلەرگە ئۆگەتمەكچى بولغان. شۇڭلاشقا، رەسۇلىللار ھ ”سەللاللاھۇ تەئالا ئەلەيھى ۋەسسەلەمدىن“ ئىسلامىيەتتە نېمىنىڭ ئىمان ئىكەنلىنى سورىغان. (ئىمان دېمەك)،

ئىزدەپ تېپىش ئارقىلىق ياكى ۋىجدانى بىلەن تېپىش ئارقىلىق، دەلىل بىلەن ئەقلىنىڭ چۈشىنىش يولىدىن ياكى تاللانغان ۋە ياقتۇرۇلغان بىر سۆزگە ئىشىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىنىق بولغان ئالتە نەرسىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىش ۋە تىل بىلەن سۆزلەش دېگەنلىكتۇر. رەسۇلۇللار ھمۇ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم“، ئىماننىڭ ئالتە نەرسىگە ئىشىنىش ئىكەنلىكىنى شۇنداق دەيدۇ:

-1 بۇ ئالتە نەرسىنىڭ بىرىنچىسى، ئاللاھۇ تائالانىڭ ۋاجىبۇل ۋۇجۇت ۋە ھەقىقى مەھبۇت ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش . دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھەممە نەرسىنى، ماددىسىز، ۋاقىتسىز ۋە ئۆزگىچە قىلىپ يوقلۇقتىن ئاپىرىدە قىلغان، پەقەتلا ئاللاھۇ تائالادۇر دەپ ئىشىنىش كىرەك. [ھەر بىر ماددىنى، ئاتومنى، مولىكولىنى، ئېلىمىنىتلارنى، بىرىكمىلەرنى، ئوگانىك جىسىملارنى، ھۈجەيرىلەرنى، ھاياتنى، ئۆلۈمنى، ھەر بىر ھادىسىنى، ھەر بىر ئىنكاسىنى، ھەر خىل كۈچنى، ئىنىرگىيەنى، ھەركەتنى، قانۇنلارنى، رۇھلارنى، پەرىشتىلەرنى، جانلىق ۋە جانسىز ھەممە نەرسىنى يوقلىتىن ئاپىرىدە قىلغان ۋە ھەر ۋاقىت مەۋجۇت قىلىپ تۇرغۇچى، پەقەتلا ئاللاھتۇر. دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى، [ھېچنىمە يوق ئىكەن، بىر دەقىقىدە] ئاپىرىدە قىلغىنىدەك، [ھەر ۋاقىت بىر-بىرى بىلەنمۇ مەۋجۇت قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى كەلگەندە، ھەممە نەرسىنى بىر ۋاقىتتا ] يەنە يوق قىلىۋېتىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ ھالقىلىق كۈچى، يارتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە ھاكىمى ئاللاھتۇر. ئۇنىڭ ھاكىمى، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۈستۈن بىر نەرسە يوقتۇر دەپ ئىشىنىش كىرەك. ھەر بىر ئەۋزەللىك، ھەر بىر گۈزەل سۈپەت ئۇنىڭغا لايىقتۇر. ئۇنىڭدا ھېچبىر قۇسۇر، ھېچبىر نۇقسان يوق. نىمىنى تىلىسىگىز شۇنى قىلالايدۇ. قىلغانلىرى ئۆزىگە ۋە ياكى باشقىشىغا پايدىلىق بولسۇن دىمەيدۇ. قىلغىنىم ماڭا يانسۇن دىمەيدۇ. ھالبۇكى، ھەر بىر ئىشىدا، ھىكمەت، پايدا، ئىھسان باردۇر.

قۇللىرىغا ياخشىلىق قىلىش، پايدىلىق نەرسىلەرنى ئاتا قىلىش، بەزى كىشىلەرگە ساۋاپ، بەزى كىشىلەرگە ئازاپ بىرىشقا ئۇ مەجبۇر ئەمەس. ئاسىيلىق قىلغانلارنى، گۇناھ سادىر قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى دوزاقتا كىرگۈزۈش، ئۇنىڭ ئىھسانلىرىغا ماس كىلىدۇ. ئىتائەت قىلغان، ئىبادەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى، جەھەننەمگە كىرگۈزۈش، ئۇنىڭ ئادالىتىگە ماس كىلىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارنى، ئىبادەت قىلغۇچىلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى، ئۇلارغا چەكسىز نىممەتلەرنى، ياخشىلىقلارنى بىرىدىغانلىقىنى، كاپىرلارغا بولسا، جەھەننەمدە چەكسىز ئازاپ بىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ دىگەن

گېپىدىن قايتمايدۇ. پۈتۈن جانلىقلار ئىمان ئېيتسا ۋە ئىباسەت قىلسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر پايدىسى بولمايدۇ. پۈتۈن ئالەم كاپىر، ئازغۇن، ئاشقۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيىنى بولمايدۇ. بەندە بىرەر ئىش قىلماقچى بولغاندا، ئاللاھ خالىسا، ئۇ نەرسىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. بەندىنىڭ ھەر بىر ھەركىتىنى ۋە ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ئۇدۇر. ئۇ خالىمىسا، ياراتمىسا، ھېچبىر نەرسە ھەركەت قىلالمايدۇ. ئۇ خالىمىسا، ھېچكىم كاپىر بولالمايدۇ. ھېچكىم ئىسيان چىقىرالمايدۇ. ئەگەر كۇپۇرلۇقنى، گۇناھنى تىلىسە، ئۇلاردىن رازى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشىغا ھېچكىم ئارلىشالمايدۇ. ئۇ نىمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ ئەگەر بۇنداق قىلسا قانداق بولاتتى دېيىشكە ھېچكىمنىڭ كۈچى ۋە ھوقوقى يوقتۇر. شىرىكلىكتىن ۋە كۇپۇرلۇقتىن باشقا، ھەر قانداق بىر بۈيۈك گۇناھ سادىر قىلىپ، تۆۋبە قىلماي تۇرۇپ ئۆلگەن كىشىنى، ئاللا خالىسا كەچۈرىدۇ. كىچىك بىر گۇناھ سادىر قىلغۇچىنى ئاللاھ خالىسا جازالايدۇ. كاپىر، مۇرتەد بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە ھەرگىز رەھىم قىلمايدىغانلىقى، ئۇلارغا چەكسىز ئازاپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مۇسۇلمان بولغۇچى، يەنى (ئەھلى قىبلە) بولۇپ، ئىبادەت قىلغان، ئەمما، ئېتىقادى (ئەھلى سۈننەتتىكە) ماس كەلمىگەن ۋە تۆۋبە قىلماستىن ئۆلگەن بىر كىشى، گەرچە ئۇ دوزاق ئازابىغا دۇچار بولسىمۇ، لىكىن (بىدئەت) بىر مۇسۇلمان، دوزرقتا مەڭگۈ قالمايدۇ.

ئاللاھۇ تائالانى دۇنيادا بېشى ۋە كۆزى بىلەن كۆرۈش جائىزدۇر. ئەمما ھېچكىم ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان. قىيامەت كۈنى، مەشھەر يېرىدە، كاپىرلارغا، گۇناھ سادىر قىلغان مۆمىنلەرگە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېھسانى ۋە جامالى بىلەن كۆرۈنىدۇ. مۇمىنلەر جەننەتتە، ئۇنى جامالى شەكلى بىلەن كۆرىدۇ. پەرىشتىلەر ۋە ئاياللارمۇ كۆرىدۇ. كاپىرلار بولسا بۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدۇ. جىنلارنىڭمۇ مەھرۇم قالدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۇچۇر كۈچلۈكتۇر. ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسىگە نىسبەتەن، مۇئىمىنلەردىن قۇبۇل قىلىنغۇچىلار، ھەر ئەتتىگەن ۋە ئاخشام، دەرىجىسى تۆۋەن بولغۇچىلار بولسا، ھەر جۈمە كۈنى ۋە ئايالار، خۇددى دۇنيا بايرىمى بولغانىغا ئوخشاش، يىلدا بىر نەچچە قېتىم، تەجەللىي- جامال بىلەن، رۈيەت بىلەن كۆرۈشىشكە نىسىپ بولىدۇ.

[شەيخ ئابدۇلخاكى دەھلەۋى ھەزرەتلىرى[3] ، پارىسچە (تەكمىلۈل ئىمان) ناملىق

---

3 ئابدۇلخاكى دەھلەۋى 1052 [1642.] يىلىدا دېھلىدا ۋاپات بولغان.

كىتابىدا شۇنداق دېگەن، ھەدىس شەرىفتە شۇنداق بۇيرۇغانكى، (قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى، 14-كۈننى كۆرگەندەك كۆرىسىز!) ئاللاھۇ تائالانى دۇنيادا چۈشۈنۈلمەي تۇرۇپ بىلگەنگە ئوخشاش، ئاخىرەتتىمۇ ھېچ چۈشۈنۈلمەي تۇرۇپ كۆرۈلىدۇ. ئەپۇل ھەسەنى ئەشرائى ۋە ئىمامى سۈيۈتى ۋە ئىمامى بەيھەكىگە ئوخشاش چوڭ ئۆلىمالار، پەرىشتىلەرنىڭمۇ جەننەتتە ئاللاھۇ تائالايى كۆردىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىمامى ئازام ئەبۇ خانىفە ۋە باشقا ئۆلىمالار، جىنلارنىڭ ساۋاپقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ۋە جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى پەقەت مۇئمىنلەرنىڭ جەھەننەمدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاياللار دۇنيادىكى بايرام كۈنىدەك يىلدا بىر نەچچە قېتىم كۆرەلەيدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ كامىل بولغۇچىلىرى، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە ئاخشام، باشقىلار بولسا جۈمە كۈنى كۆرەلەيدۇ. بۇ كاپىرلارغا نىسبەتەن، مۇئمىن ئاياللار ۋە پەرىشتىلەر ۋە جىنلارمۇ بۇ مۆژدىنىڭ ئېچىگە كىرىدۇ. فاتىماتۇز زەھرا ۋە خادىجەتۇل كۇبرا ۋە باشقا قېرىنداشلار، مەريەم ۋە ئاسىيە "رەدىيەللاھۇ تائالا ئانھۇننە ئەجمائىنگە" ئوخشاش، كامىل ۋە ئارىف ئاياللارنىڭ باشقا ئاياللاردىن ئايرىپ قارىلىشى كېرەك. ئىمامى سۈيۈتىمۇ بۇنى كۆرسىتىدۇ.]

ئاللاھۇ تائالانىڭ كۆرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئەمما قانداق بىر شەكىلدە كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئويلاشماسلىق كېرەك. چۈنكى ئاللاھۇ تائالانىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئەقىل بىلەن بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئوخشىمايدۇ. [فىزىك ۋە خىمىيە بىلىملىرى بىلەنمۇ ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.] ئاللاھۇ تائاللا ئوبيېكتىپ ئەمەس، كۆز ئالدىڭىزدا ئۇچۇرتالمايسىز. ئاللاھۇ تائالا ماددا ئەمەس. جىسىم ئەمەس. [ئېلېمېنت ئەمەس، بىر نەرسىنىڭ ئارلاشمىسى ياكى بىرىكمىسى ئەمەستۇر.] ئۇنى سانىغىلى بولمايدۇ. ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ھېساپلىغىلى بولمايدۇ. ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بىر ماكانى بولمايدۇ. بىر يەردە تۇرمايدۇ. ۋاقتى بولمايدۇ. ئىلگىرى-كېيىن، باش-ئاخىرى، ئاستى-ئۈستى، ئوڭ-سولى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىنساننىڭ چۈشەنچىسى، ئىنساننىڭ ئەقلىي، ئاللاھۇ تائالانىڭ ھېچبىر نەرسىسىنى چۈشۈنىشكە يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قانداق بىر شەكىلدە كۆرۈلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشۈنەلمەيدۇ. قول، پۇت، تەرەپ، يەر ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش، ئاللاھۇ تائالاغا جائىز بولمىغان سۆزلۈكلەر قۇرئان ئايەتلىرىدىمۇ، ھەدىس شەرىفلەردىمۇ تېپىلىشى، بىزنىڭ چۈشەنگەن ۋە بىلىدىغان بۆگۈنكى ئىشلىتىلىدىغان مەنىلەرگە ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشان ئايەتلەرگە ۋە ھەدىس شەرىفلەرگە (مۇتەشەبىھات) دېيىلىدۇ. بۇلارغا ئىشىنىشكە، نىمە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق نەرسى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنىشكە ئۇرۇنماسلىق كېرەك. بۇلار قىسقا ۋە ئۇزۇن

بولۇپ، (تەۋىل) بولىدۇ. يەنى ئاللاھۇ تائالاغا يارىشىدىغان باشقا بىر مەنا بېرىلىدۇ. مەسىلەن، قول، قۇدرەت، ئېنېرگىيە دېگەندەك سۆزلەر مۇۋاپىق كېلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئاللاھۇ تائالانى مىراجدا كۆردى. ئۇنىڭ بۇنداق كۆرۈشى دۇنيادىكى بىشى ۋە كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئوخشىمايدۇ. ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھۇ تائالانى دۇنيادا كۆردۈم دېسە، ئۇ كىشى زىندىق ھېساپلىنىدۇ. كاددەساللاھۇ تائالا ئەسرارەھۇم ئەجمەئىن" كۆرۈشى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت كۆرگىنىگە ئوخشىمايدۇ. يەنى (رۆيەت) ئەمەس. ئۇلارغا (شۇكۇد) ھاسىل بولىدۇ. [يەنى قەلىپ كۆزى بىلەن ئەمەس، مىسالىنى كۆرىدۇ.] ئەۋلىياھى كىرماندىن، كۆردۈم دېگۈچىلەر بولسا، مەسىت ئىكەن، يەنى ئەقلىي جايىدا ئەمەسكەن، شۇھۇدۇ، رۆيەت دەپ قارىغان. تەۋىل قىلىپ، چۈشىنەلەيدىغان سۆزلەرنىڭ بىرىسىدۇر.

سۇئال: ئاللاھۇ تائالانىڭ باش، كۆزى بىلەن دۇنيادا كۆرۈلىشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى يۇقىردا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. جائىز بولغان نەرسىنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى دېگەن بىر كىشى، نېمىشقا زىندىق بولىدۇ؟ ۋاقى ئىكەنلىكىنى دېگۈچىگە كاپىر دېيىلسە، ئۇ نەرسىگە جائىز دېيىلەمدۇ؟

جاۋاپ: لۇغەتتە، جائىز دېگەنلىك، قىلىسمۇ ۋە قىلمىسىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. لېكىن، ئەشئارى[4] مەزھىپىدە، رۆيەتنىڭ جائىز بولىشى كېرەك دېگەنلىك؛ ئاللاھۇ تائالا، بۇ دۇنيادا يېقىن بولىشىنىڭ، يىنىدا بولىشىنىڭ ۋە دۇنيادا ياراتقان فىزىكا قانۇنىيەتلىرى بىلەن كۆرۈشىنىڭ سىرتىدا، ئىنسانىدا ئۆزگىچە بىر كۆرۈش ئىقتىداى يارىتىشقا قادىر دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، جۇڭگودىكى قارىغۇ بىرسى، ئەندىلۇستىكى بىر چىۋىننى كۆرسىتىشكە ياكى دۇنيادىكى ئىنسانلارغا، ئايدا ۋە يۇلتۇزلاردا بۇلارنى كۆرسىتىشكە قادىردۇر ۋە جائىزدۇر. بۇ خىل كۈچ-قۇدرەت، پەقەتلا ئاللاھۇ تائالاغا ئائىتتۇر. ئىككىنچىسى، دۇنيادا كۆردۈم دېگەنلىك، ئايەتلەرگە ۋە ئۆلىمالارنىڭ بىردەك پىكىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇنداق نەرسىنى دېگەن بىر كىشى، (مۇلھىد) ياكى (زىندىق) بولىدۇ. ئۈچىنچى بىر جاۋاپ بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇنى دەيمىزكى، دۇنيادا رۆيەتنىڭ جائىز بولىشى، فىزىك قانۇنىيىتى بىلەن كۆرۈش جائىز بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ھالبۇكى، ئاللاھۇ تائالانى كۆردۈم دېگۈچى، باشقا نەرسىلەرنى كۆردۈم دېگىنى بىلەن ئوخشاشتۇر. بۇ جائىز بولمىغان بىر كۆرۈشتۇر. بۇنىڭغا

---

4 ئەبۇلھاسەن ئەلى بىن ئىسمائىل ئەشئارى، 330 [941] يىلىدا باغداتتا ۋاپات بولدى.

ئوخشاش كۇپۇرلۇققا سەۋەپ بولىدىغان نەرسىلەرنى دىگەن كىشى مۇلهىد ياكى زىندىق دىيىلىدۇ. [مەۋلانا خالىد ھەزرەتلىرى]، بۇ جاۋاپلىرىدىن كىيىن (دىققەت قىلىڭ!) دەپ ئىيتقان. بۇنىڭ بىلەن، ئىككىنچى جاۋاپىنىڭ تىخىمۇ ساغلام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. (مۇلهىد) ۋە (زىندىق) ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى دەيدۇ. (مۇلهىد) بۇنى سەمىمىيلىك بىلەن دەيدۇ. ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە، توغرا يولدا كىتىۋاتقىنىغا ئىشىنىدۇ. (زىندىق) بولسا، ئىسلامىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئىسلامىيەتنى ئىچىدىن يوق قىلىش، مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن، مۇسۇلمانغا ئوخشاش كۆرىنىدۇ].

ئاللاھۇ تائالادىن، كىچە-كۈندۈزنىڭ ۋە ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك تەس. ئاللاھۇ تائالامۇ، ھىچبىر جەھەتتىن، ھىچقانداق بىر ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، كەچمىشتە ياكى كەلگۈسىدە شۇنداق، مۇنداق بولىدۇ دىگىلى بولمايدۇ. ئاللاھۇ تائالا ھىچبىر نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. ھىچبىر نەرسە بىلەن بىرلەشمەيدۇ. [شىئەلەر ھەزرىتى ئەلىگە چوقىنىدۇ دىگەن (نۇسايرى) گۇرۇپىسى كاپىر بولدى.] ئاللاھۇ تائالانىڭ زىتى، قارمۇ-قارشىسى، ئوخشىشلىقى، ھەمراھى، ياردەمچىسى، قوغدىغۇچىسى يوق. ئاپىسى، دادىسى، ئوغلى، قىزى، ئۆمۈرلۈك ھەمراھى يوقتۇر. ھەر ۋاقىت، ھەربىرەيلەن بىلەن ھازىر ۋە تەيياردۇر. ھەربىر كىشىگە ئۇ كىشىنىڭ ئانا تومۇرىدىمۇ يىقىندۇر. ئەمما، ئۇنىڭ ھازىر بولىشى، ھەل قىلىش ئۇسۇلى، بىللە ۋە يىقىن بولىشى، بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ يىقىنلىقى، ئۆلىمالارنىڭ ئىلمى، ئىلىم-پەن ئالىملىرىنىڭ پاراسىتى ۋە ئەۋلىيانىڭ "كاددەساللاھۇ تەئالا ئەسرارەھۇم ئەجمائىن" ئىجادى ۋە بايقىشى بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئىنسان چۈشۈنەلمەيدۇ. ئاللاھۇ تائالا زاتىدا ۋە سۈپەتلىرىدە بىردۇر، ھىچبىرىدە ئۆزگىرىش ياكى باشقىلارغا ئوخشىتىش بولمايدۇ. تەفەككەرۇ فى ئالائىللاھى ۋە لا تەتەفەككەرۇ فى زاتىللاھى. بىرىنچى توم، 46-مەكتۇپنى ئوقۇڭ!

ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىسمىلىرى (تەۋكىفىدۇر). يەنى ئىسلامىيەتتە بىلدۈرگەن ئىسىملەرنى دىيىش جائىز بولۇپ، بۇلاردىن باشقىلىرىنى دىيىش جائىز ئەمەستۇر. [مەسىلەن ئاللاھۇ تائالاغا ئالىم دىيىلىدۇ. ئەمما، ئالىم دىگەنلىك فاكىھ دىگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھۇ تائالاغا ئىسلامىيەتتە فاكىھ دىيىلمىگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش، ئاللاھ ئىسمىنىڭ يىرىگە تەڭرى دىيىش جائىز ئەمەس. چۈنكى تەڭرى، ئىلاھ، مەبۇت دىگەنلىكتۇر. مەسىلەن ھىنىستانلىقلارنىڭ تەڭرىسى كالا دىيىلمەكتە. (ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا

تەڭرى يوقتۇر) دېيىشى كېرەك. باشقا تىللاردىكى Dieu ۋە Gott ۋە يەنە God سۆزلىرىمۇ ئىلاھ ۋە مەبۇت مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇلار ئاللاھنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىشكە بولمايدۇ.

ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىسىملىرى چەكسىزدۇر. مىڭ-ئونمىڭلىغان ئىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن مەشھۇردۇر. يەنى نەچچە مىڭ تانە ئىسمىنى ئىنسانلارغا ئۇختۇرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا، بۇلاردىن 99 تانىسى بىلدۈرۈلگەن. بۇلارغا (ئەسمائى خۇسما) دېيىلىدۇ.

ئاللاھۇ تائالانىڭ (سىفاتى زاتىيەسى) ئالتە تۈرلۈكتۇر. [ئۇلارنى يۇقىردا سۆزلەپ ئۆتتۇق.] (سىفاتتى زۇتۇبىيەسى) (ماتۇرىدىيىيە) مەزھىپىدە سەككىز تۈرلۈكتۇر. (ئەشئارىيىيە) مەزھىپىدە بولسا يەتتە تۈرلۈكتۇر. بۇ سۈپەتلەر، ئاللاھۇ تائالاغا ئوخشاش مەڭگۈلۈكتۇر. يەنى مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇقەددەستۇر. مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەقىل ۋە زېھىن بىلەن، دۇنيادىكى نەسلەرگە ئوخشىتىش ئارقىلىق چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئاللاھۇ تائالا بۇ سۈپەتلىرىدىن بىرسىنى نەقىل قىلىپ ئىنسانلارغا ئىھسان قىلغان. بۇلارنى كۆرۈش ئارقىلىق ئاللاھۇ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئازىراق بولسىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئىنسان ئاللاھۇ تائالانى چۈشۈنەلمىگەچكە، ئاللاھۇ تائالانىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئويلىنىش ۋە چۈشىنىش جائىز ئەمەستۇر. ئاللاھۇ تائالانىڭ سەككىز سىفاتى سۈتۇبىيەسى، ئاللاھۇ تائالاغا ئوخشاش ئەمەستۇر، غەيرى رەسمىنىمۇ ئەمەستۇر. يەنى بۇ سۈپەتلەر ئاللاھۇ تائالانىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، ھەم ئۆزىدىن باشقا نەرسىمۇ ئەمەس. بۇ سەككىز سۈپەت:

ھايات، ئىلىم، ئاڭلاش، كۆرۈش، قۇدرەت، كالام، ئىرادە ۋە ئاپىرىدە قىلىشتۇر. ئەشئارىيە مەزھىپىدە، ئاپىردە قىلىش سۈپىتى، قۇدرەت سۈپىتى بىلەن ئوخشاشتۇر. مەشيىەتتە، ئىرادە دىگەنلىكتۇر.

ئاللاھۇ تائالانىڭ سەككىز سۈپەتلىرىدىن ھەر بىرسى بەك ئاددىي بىر شەكىلدىدۇر. ھىچقايسىسىدا ھىچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. پەقەت مەخلۇقاتلارغا سۇبىكتىپلىق جەھەتتە ھەر بىرسى ئىنتايىن كۆپلۈك قىلىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنىڭ مەخلۇقاتلارغا ئەھمىيىتى ۋە ئۇنۇمى جەھەتتىن جىقلىق قىلىشى، ئۇنىڭ ئاددىي بولىشىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭغا، ئاللاھۇ تائالا كۆپ خىل مەخلۇقاتلارنى ياراتتى ۋە ھەممىسىنى ھەر ۋاقىت يوق بولۇشتىن ساقلىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا بىردۇر. ئۇنىڭدا

ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ھەر بىر مەخلۇق، ھەر ۋاقىت، ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭغا مۇھتاج. ئۇ ھېچكىمگە مۇھتاج ئەمەس.

-2 ئىمان ئىيتىشى، ئىشىنىشكە تېگىشلىك ئالتە ئىشنىڭ ئىككىنچىسى: (ئاللاھۇ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان ئىيتىشتۇر). پەرىشتە، ئەلچى، خەۋەر بەرگۈچى يەكى قۇۋۋەت دىگەنلىكتۇر. پەرىشتىلەر، تەندۇر. مەرھەمەتلىكتۇر. ھەتتا گازدىنمۇ بەكرەك نازۇكتۇر. نۇرلۇقتۇر. ھاياتتۇر. ئەقىللىقتۇر. ئىنسانلاردا بار بولغان يامانلىق پەرىشتىلەردە يوقتۇر. ھەر قانداق بىر شەكىلدە بولالايدۇ. گاز، سۇيۇقلۇق ۋە قاتتىق جىسىم بولغانغا ئوخشاش ۋە قاتتىق بولغاندا، ھەر خىل شەكىل ئۆزگەرتكەنگە ئوخشاش، پەرىشتىلەرمۇ گۈزەل شەكىل ھاسىل قىلالايدۇ. پەرىشتىلەر، بۈيۈك كىشىلەرنىڭ بەدىنىدىن ئايرىلغان روھ ئەمەس. خىرىستىيانلار، پەرىشتىلەرنىڭ روھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئىنىرگىيە ۋە قۇۋۋەتكە ئوخشاش، ماددىسىز ئەمەس. ئىلگىرىكى پەيلاسوپلاردىن بەزىللىرى شۇنداق دەپ قارايدۇ. ھەممىسىگە (پەرىشتە) دىيىلىدۇ. پەرىشتىلەر ھەر بىر مەخلۇقتىن بۇرۇن يارىتىلغان. شۇڭلاشقا كىتاپلارغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان. كىتاپلارمۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئىلگىرى كىلىدۇ.قۇرئان كەرىمدە، ئىمان كەلتۈردىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمى، بۇ تەرتىپ بويىچە بايان قىلىنغان.

پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكىدەك بولىشى كىرەك: پەرىشتىلەر ئاللاھۇ تائالانىڭ قۇللىرىدۇر. شېرىكى ئەمەس. كاپىرلەر، مۇشرىكلەر شۇنداق دەپ قارايدۇ. ئاللاھۇ تائالا بارلىق پەرىشتىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدۇ. گۇناھ سادىر قىلمايدۇ. قىلىنغان ئەمىرلەرگە ئىسيان چىقارمايدۇ. ئۇلار ئەر ۋە ئايال ئەمەس. توي قىلمايدۇ. بالىللىرى بولمايدۇ. ھاياتلىق ئىگىسىدۇر ۋە ھاياتتۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسۇددان ”رەدىياللاھۇ ئەنھا“ كەلگەن خەۋەردە، پەرىشتىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ بالىلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئىبلىس ۋە جىنلارنىڭ بۇلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسىمۇ، بۇنىڭ جاۋابى كىتاپلاردا ئۇزۇن بايان قىلىنغان. ئاللاھۇ تائالا، ئىنسانلارنى ئاپىرىدە قىلىدىغان ۋاقىتتا، (يا رەببىم! يەر يۈزىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچۇرتىدىغان ۋە قان تۆكىدىغان مەخلۇقلارنى يارىتامسەن؟ پەرىشتىلەرنىڭ (زەلله) قاتارلىق سوئاللىرى ئۇلارنىڭ گۇناھسىزلىقىغا، سادىر قىلغان جازالىرىغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

سانى ئەك كۆپ بولغان مەخلۇقاتلار بولسا پەرىشتىلەردۇر. ئۇلارنىڭ سانىنى ئاللاھۇ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ كۆكتە ئىبادەت قىلمىغان ھېچبىر يېرى يوق. ئاسماندا ھەممە يەر، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان پەرىشتىلەر بىلەن تولغان. ئاسماندا، يەردە، ئوت-چۆپلەردە، يۇلتۇزلاردا، جانلىقلاردا جانسىزلاردا، يامغۇر تامچىللىرىدا، دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىدا، ھەر مولېكولادا، ھەر ئاتومدا، ھەر رىئەكسىيوندا، ھەر بىر ھەركەتتە ھەر بىرئىشتا پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىللىرى بار. ھەممە يەردە ئۇلار ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدىكى ۋاستىچىدۇر. بەزىللىرى، باشقا پەرىشتىلەرنىڭ باشقۇرغۇچىسىدۇر. بەزىللىرى پەيغەمبەرلەرگە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. بەزىللىرى ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ياخشى پىكىرلەرنى سالىدۇكى، بۇنىڭغا (ئىلھام) دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىللىرى ئىنسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلاردىن خەۋەرسىزدۇر. ئاللاھۇ تائالانىڭ جامالى ئالدىدا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قۇيىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ مەلۇم بىر ئورنى بولىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردىن ئايرىلمايدۇ. بەزىللىرىنىڭ ئىككى، بەزىسىنىڭ تۆت، بەزىسىنىڭ ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ قانىتى بار. [ھەر بىر ھايۋاننىڭ ۋە ئۇچۇشنى بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاناتلىرى ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىدا، بىر-بىرىسىگە ئوخشمايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلىرىمۇ ئۆزىنىڭ تۈرىدە بولىدۇ. ئىنسان كۆرمىگەن ياكى بىلمىگەن نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ بىلىدىغان نەرسىسى دەپ قاراپ ئالدىنىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلىرى بار. ئىشىنىمىز. ئەمما قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. چىركاۋلاردا، بەزە مەجمۇئەلەردە ۋە بەزى كىنولاردا، پەرىشتىلەردەك كۆرسىتىدىغان قانىتى بار ئاياللارنىڭ رەسىمى سىزىلغان. مۇسۇلمانلار بۇنداق رەسىم سىزمايدۇ. مۇسۇلمان ئەمەسلەر تەرىپىدىن سىزىلغان بۇنداق يالغان رەسىملەرنى راست بىلەن ئىشەنمەسلىك، دۈشمەنلەرگە ئالدانماسلىق كېرەك.] جەننەت پەرىشتىللىرى جەننەتتە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئىسمى (رىدۋاندۇر). دوزاق پەرىشتىلىرىگە (زەبانى) دېيىلىدۇ. بۇلار جەھەننەمدە بۇيرۇلغان ۋەزىپىللىرنى بەجا كەلتۈرىدۇ. دوزاقنىڭ ئوتى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ خۇددى دېڭىزنىڭ بېلىقا زىيان يەتكۈزمىگىنىگە ئوخشايدۇ. جەھەننەم زەبانىلىرىنىڭ چوڭلىرىنىڭ سانى 19. ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى مالىكتۇر.

ھەر بىر ئىنساننىڭ ياخشى ۋە ناچار، ھەممە ئىشلىرىنى يازىدىغان، ئىككىسى كېچىسى، ئىككىسى ئەتتىگىنى كېلىدىغان، تۆت پەرىشتىگە (كىرابەن كاتىبىن)

ياكى (خافازا پەرىشتىللىرى) دىيىلىدۇ. خافازا پەرىشتىللىرىنىڭ باشقا بىر پەرىشتە ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. ئۇنىڭ تەرەپتىكى پەرىشتە، سول تەرەپتىكى پەرىشتىنىڭ باشقۇرغۇچىسىدۇر ۋە ياخشى ئىشلانى، ئىبادەتلەرنى يازىدۇ. سول تەرەپتىكى بولسا ناچار نەرسىلەرنى يازىدۇ. قەبرىلەردە ۋە قەبرىلەرنى ۋە ئاسي مۇسۇلمانلارنى جازالايدىغان پەرىشتىلەر ۋە قەبرىدە سوئال سورايدىغان پەرىشتىلەر باردۇر.
سۇئال سورايدىغان پەرىشتىلەرگە (مۇنكەر ۋە نەكىر) دىيىلىدۇ. مۇمىنلەردىن سوئال سورايدىغان پەرىشتىلەرگە (مۇبەششىر ۋە بەشىر) دىيىلىدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلىكى باردۇر. ئەڭ ئۈستۈن بولغىنىدىن تۆتى بار. بۇنىڭ بىرىنچىسى (جىبرىئىل) ئەلەيىسسالامدۇر. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، پەيغەمبەرلەرگە (ۋەھىي) يەتكۈزۈش، بۇيرۇق ۋە چەكلەشلەرنى بىلدۈرۈشتۇر. ئىككىنچىسى (سۇر) دىيىلدىغان كانايىنى چالىدىغان (ئىسرافىل) ئەلەيھسالامدۇر. سۇر پەرىشتە ئىككى قىتىم چالىدۇ. بىرىنچى قىتىم چالغاندا ئاللاھۇ تائالادىن باشقا ھەممە تىرىك نەرسە ئۆلىدۇ. ئىككىنچىسىدە ھەممە نەرسە قايتىدىن تىرىلىدۇ.
ئۈچىنچىسى (مىكائىل) ئەلەيھسالامدۇر. ئەرزان، قىممەت، كەمچىللىك، موللۇق، [ئىقتىسادىي تەرتىپىنى] ھساپلىماق، [تىنىچلىق ۋە ھۇزۇر] ئىلىپ كەلمەك، ۋە ھەر بىر ماددىنى ھەرىكەت قىلغۇزماق، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. تۆتىنچىسى (ئەزرائىل) ئەلەيھسالامدۇر. ئىنسانلارنىڭ جىنىنى ئالغۇچى بۇ پەرىشتىدۇر. [پارىسچىدە، روھقا جان دىيىلىدۇ.] بۇ پەرىشتىلەردىن كىيىن ئۈستۈن دەرىجىدىكى پەرىشتىلەر، تۆت گۇرۇپقا ئايرىلىدۇ: (ھامالەئى ئارش) دىيىلدىغان پەرىشتىلەر، تۆت تانىدۇر. بۇلار قىيامەت كۈنى سەككىز بولىدۇ. ئىلاھى ھۇزۇردا بولغان پەرىشتىلەرگە (مۇكەررابىن) دىيىلىدۇ. ئازاپ پەرىشتىللىرىنىڭ چوڭىسىغا (كەرۇبىيان) دىيىلىدۇ. رەھىم پەرىشتىللىرىگە (رۇھانىيان) دىيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەرىشتىلەرنىڭ ئۈستۈن دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىللىرىدۇر. ئۇلار پەيغەمبەرلەردىن باشقا "ئالايھى مۇسەللىۋاتۇ ۋەتەسلىمات" بولۇپ، بارلىق ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.
مۇسۇلمانلارنىڭ سالىھلىرى ۋە ھامىيلىرى، ئىسل بولمىغان پەرىشتىلەردىن يەنى تۆۋەن دەرىجىدىكىلەردىن تىخىمۇ ئۈستۈندۇر. پەرىشتىلەرنىڭ ئىسل بولمىغانلىرى، ئاسي ۋە پاسىق مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈندۇر.

كاپىرلار بولسا ھەر قانداق بىر مەخلۇقاتتىن تىخىمۇ بەك تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدۇ.
سۇر پەرىشتە بىرىنچى قىتىم كانايىنى چالغاندا، تۆت چوڭ پەرىشتە ۋە خامالەئى

ئارىشدىن باشقا، بارلىق پەرىشتىلەر يوق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خامالەئى ئارش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كىلىدىغان تۆت پەرىشتە يوق بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىم كاناي چېلىنغاندا، بارلىق پەرىشتىلەر تىرىلىدۇ. خامالەئى ئارش بىلەن بۇ تۆت پەرىشتە، سۇر پەرىشتىنىڭ ئىككىنچى قېتىم كانايىنى چېلىشىدىن بۇرۇن تىرىلىدۇ. دېمەك، بۇ پەرىشتىلەر پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن بۇرۇن يارىتىلغاندەك، بارلىق مەخلۇقاتتىن كېيىن يوق بولىدۇ.

-3 ئىمان كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئالتە ئىشنىڭ ئۈچىنچىسى، (ئاللاھۇ تائالانىڭ كىتاپلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر.) ئاللاھۇ تائالا بۇ كىتاپلارنى پەرىشتىلەر بىلەن، يەنە بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا سۆزلەش ئارقىلىق، بەزىللىرىگە بولسا يېزىقلىق پېتى، بەزىللىرىگە بولسا پەرىشتە ئەۋەتمەي ئاڭلىتىپ تۇرۇپ نازىل قىلدى. بۇ كىتاپلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆزلىرىدۇر. مەڭگۈلۈك ۋە ئەبەدىدۇر. مەخلۇق ئەمەستۇر. بۇلار پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى ئەمەس. ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆزلىرى بىزنىڭ يازغان ۋە ئەقلىمىزدە تۇتقان ۋە سۆزلىگەن سۆزلەرگە ئوخشىمايدۇ. يېزىقتا، گەپتە ۋە ئەقىلدە تۇتقانغا ئوخشىمايدۇ. ھەرپلىك ۋە ئاۋازلىق ئەمەس. ئاللاھۇ تائالانىڭ ۋە سۈپەتلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئىنسان بىلەلمەيدۇ. ئۇ سۆزلەرنى ئىنسان پەقەتلا ئوقۇيالايدۇ. ئەقلىدە قالىدۇ ۋە يازىدۇ. ئۇ بىز بىلەن بىللە بولغاندا، ھەدىسكە ئايلىنىدۇ. ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆزلىرى ئىنسانلار بىلەن بىللە بولغاندا، يارىتىلىش ۋە ھەدىس بولىدۇ. ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئۇيلاشقىنىمىزدا، قەدىمكى بولىدۇ.

ئاللاھۇ تائالانىڭ نازىل قىلغان كىتاپلىرىنىڭ ھەممىسى راست ۋە توغرا. يالغان، ناتوغرا بولمايدۇ. ئازاپ ۋە جازا بىرىشنى دەپ كەچۈرۈم قىلىشنى جائىز قىلدى دېيىلسىمۇ، بىز بىلمەيدىغان شارائىتقا ياكى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋە رازىلىقىغا باغلىقتۇر. يەنى بەندىنىڭ تارتىشقا تېگىشلىك بولغان ئازابىنى كەچۈرىدۇ دىگەنلىكتۇر. جازانى، ئازاپنى بىلدۈرىدىغان سۆز، بىر نەرسىنى ئوقتۇرۇش دىگەنلىك ئەمەس، كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن يالغانچىلىق ھىساپلانمايدۇ. ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان نىممەتلىرىنى بەرمەسلىكى جائىز بولمىسىمۇ، ئازاپلارنى كەچۈرۈم قىلىشى جائىزدۇر. ئەقىل، ئايەتلەردىمۇ، مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ.

بىر قارشىلىق قىلغۇچى كۆچ، بىر مەسىلە بولمىسا، ئايەتلەرگە، ھەدىس شەرىفلەرگە،

ئىنىق بولغان مەنىلەرنى بىرىش كىرەك. ئۇنىڭغا ئوخشىغان مەنىلەرنى بىرىش جائىز بولمايدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەر قۇرەيش لۇغەتتى ۋە تەلەپپۇزىدا يىزىلغان. 1400 يىل بۇرۇن سۆزلەرگە ھىجارزدا ئىشلىتىلگەن مەنىلەرنى بىرىش كىرەك. ۋاقىت بىلەن بىللە ئۆزگىرىپ، بۈگۈن ئىشلىتىدىغان مەنىلەرنى بىرىپ تەرجىمە قىلىش توغرا ئەمەس.] (مۇتەشەببىھات) دىيىلگەن ئايەتلەردە، ئىنسان چۈشۈنەلمەيدىغان مەنىلەر بار بۇلارنىڭ مەنىسى پەقەت ئاللاھۇ تائالا بىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە (ئىلمى لەدۈننى) دىگەن ئاز بىر قىسىمدىكى تاللانغان چوڭلار، ئۇلارغا خەۋەر قىلىنغاندەك چۈشىنەلەيدۇ. باشقا ھىچكىم چۈشىنەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، مۇتەشابىھ ئايەتلىرىنىڭ ئاللاھىنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكى ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى تەكشۈرمەسلىك كىرەك. ئەشئارىي مەزھىپىدىكى ئۆلىمالار، بۇ تۈردىكى ئايەتلەرنى قىسقىچە ۋە كەڭ كۆلەمدە (تەۋىل) قىلىش جائىزدۇر دىدى. تەۋىل دىگەنلىك، سۆزنىڭ ھەرخىل مەنىلىرى ئىچىدە، مەشھۇر بولمىغىنىنى تاللاش دىگەنلىكتۇر. مەسىلەن ئىسرا ئايىتىدە، (ئاللاھىنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرىنىڭ ئۈستىدە) ئايىتى ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئاللاھۇ تائالا بۇ دىيىش ئارقىلىش نىمنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىشەندىم دىيىش كىرەك. بۇنىڭ مەنىسىنى مەن چۈشەنمىدىم، پەقەت ئاللاھۇ تائالا بىلىدۇ دىيىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر. ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىلمى بىزنىڭ ئىلمىمىزگە ئوخشىمايدۇ. ئىرادىسى بىزنىڭ ئىرادىمىزگە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھۇ تائالانىڭ قولى بەندىللىرىنىڭ قولىغا ئوخشىمايدۇ ئەلۋەتتە.

ئاللاھۇ تائالانىڭ نازىل قىلغان كىتاپلىرىدا، بەزى ئايەتلەرنىڭ پەقەتلا ئوقۇلىشى، مەنىسى ياكى ئىككىسى بىللە (نەسىھ) قىلىنغان، ئاللاھۇ تائالا تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن. قۇرئان كەرىم، پۈتۈن كىتاپلارنى نەسىھ قىلغان، ھۆكۈملىرىنى بىكار قىلغان. قۇرئان كەرىمدە، ئاخىرەتكىچە ھىچقانداق بىر ۋاقىت خاتالىق، ئۇنتۇلۇش، زىيادىلىك ۋە نۇقسان بولمايدۇ. كەچمىشتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى پۈتۈن بىلىملەر قۇرئان كەرىمدە مەۋجۇت. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىم باشقا بارلىق ساماۋى كىتاپلاردىن ئۈستۈن ۋە قىممەتلىكتۇر. رەسۇلىللاھىنىڭ ''سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم'' ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى بولسا، قۇرئان كەرىمدۇر. ئەگەر بارلىق ئىنسانلار ۋە جىنلار بىر يەرگە كەلسە، ھەممىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ قىسقا بىر سۈرىسىنى سۆزلەشكە ئۇرىنىدۇ، ئەمما سۆزلىيەلمەيدۇ. ئەرەبىستاننىڭ گۈزەل سۆز سۆزلەيدىغان، ئەدىب، توغرا سۆزلەيدىغان شائىرلىرى بىر يەرگە كەلدى. ئۇلار جىق ئۇرۇندى. بىر قىسقا ئايەتتەك

بىر سۆز سۆزلىيەلمىدى. قۇرئان كەرىمگە قارشى تۇرالمىدى. ئاللاھۇ تائالا ئىسلام دۈشمەنلىرىنى، قۇرئان كەرىم ئالدىدا ئىقتىداسىز ۋە مەغلۇپ قىلدى. قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغىتى، ئىنسان كۈچىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەشكە ئامالسىز. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى، ئىنسانلارنىڭ نەزمىسىگە، ۋەزنىسىز نەزمىسىگە، قاپىيەلىك سۆزلىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەرەبىستاندىكى ئەدىپلەرنىڭ قوللانغان ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان.

ساماۋى كىتاپلاردىن بىزگە بىلدۈرىلگەنلىرى بولسا 104 تانىدۇر. بۇنىڭ 10 بىتى (ئادەم) ئەلەيھىسسالامغا، 50 بىتى شىش (شىت) ئەلەيھىسسالامغا، 30 بىتى (ئىدرىس) ئەلەيھىسسالامغا، 10 بىتى (ئىبراھىم) ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىغان.( تەۋرات) كىتابى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، (زەبۇر) كىتابى داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا، (ئىنجىل) كىتابى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە (قۇرئان كەرىم) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىغان.

ئەگەر بىر ئادەم بۇيرۇق بەرمەكچى، بىر نەرسە چەكلىمەكچى ياكى سورىماقچى بولسا، ئالدى بىلەن بۇلارنى ئويلايدۇ ۋە تەييارلايدۇ. زىھنىدىكى بۇ مەنىلەرگە (كەلامى نەفسى) دېيىلىدۇ. بۇ مەنىلەرگە ئەرەبچە، فارسچە ياكى تۈركچە دېيىلمەيدۇ. باشقا پەرىقلىق تىللاردا سۆزلەش، بۇلارغا پەرىقلىق مەنىلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. بۇ مەنىلەرنى تەسۋىرلەيدىغان سۆزلەرگە (كەلامى لافزى) دېيىلىدۇ. كەلامى لافزىنى ھەر خىل تىللاردا تەسۋىرلەشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، كەلامى لافزىدىن باشقا، مەسىلەن ئىلىم، ئىرادە، كۆرۈش قاتارلىق سۈپەتلەرگە ئوخشاش، كەلام ئىگىسىدە مەۋجۇت ئاددىي، ئۆزگەرمەس، ئايرىم بىر سۈپەتتۇر. كەلامى لافزى بولسا، كەلامى نەفسىنى سۆزلەيدىغان، ئىنسانىنىڭ قۇلىقىغا كىرگەن ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەرىپلەرنىڭ توپلىمىدۇر. ئاللاھۇ تائالانىڭ كەلامى، ھېچ توختاپ قالمايدىغان، مەخلۇق ئەمەس ۋە زاتى بولغان مەڭگۈلۈك ۋە ئەبەدىي كەلامدۇر. سىفاتى زاتىيەسى ۋە ئىلىم، ئىرادىسىغا ئوخشاش، سىفاتى سۈبۇتىيەسىدىن باشقا، ئۆزىگە خاس بىرسۈپەتتۇر.

كەلامنىڭ سۈپىتى تولىمۇ ئاددىي. ھېچ ئۆزگەرمەيدۇ. يېزىقلىق ياكى ئاۋازلىق ئەمەس. بۇيرۇق، چەكلەش ۋە خەۋەر بېرىش دېگەندەك، ئەرەبچە، فارسچە، ئىبرانىچە، تۈركچە، سۈريانىغا ئوخشاش ئايرىلىش ۋە پارچىلىنىش يوق. بۇنداق شەكىللەر بولمايدۇ. يېزىلمايدۇ. ئەقىل، قۇلاق ۋە تىلغا ئوخشاش ۋاستىلەرگە ۋە ئەسۋاپلارغا

ئېھتىياجلىق ئەمەس. قايسى تىل بىلەن سۆزلىمەكچى بولسا، ئۇ تىل بىلەن سۆزلەيدۇ. ئەرەبچە دېيىلسە، قۇرئان كەرىم دېيىلىدۇ. ئىبرانىچە دېيىلسە تەۋرات دېيىلىدۇ. سۈريانى دېيىلسە ئىنجىل دېيىلىدۇ. [(شەرىخ ئۇل مەكاسىد)[5] كىتابىدا، يۇنانچە دېيىلسە ئىنجىل، سۈريانىچە دېيىلسە زەبۇردۇر دەيدۇ.]

كەلامى ئىلاھى ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ. قىسسەلەرنى، يەنى ۋەقەلەرنى بىلدۈرسە (خەۋەر) بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا (قۇرۇلما) بولىدۇ. ئەگەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىلدۈرسە، (بۇيرۇق) بولىدۇ. چەكلەنگەن ئىشلارنى بىلدۈرسە، (ھارام) بولىدۇ. ئەمما كەلامى ئىلاھىدە ئۆزگىرىش ۋە كۆپىيىش بولمايدۇ. نازىل بولغان كىتاپلارنىڭ ۋە بەتلەرنىڭ ھەممىسى، ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆزىدۇر. كەلاملىرى كەلامى نەفسىدۇر. ئەرەبچە بولغاندا، قۇرئان كەرىم بولىدۇ. ھەرپلىك بولۇپ، يېزىلغان، دېيىلگەن ۋە يادقا ئېلىنغان نەزىم شەكلىدە نازىل قىلىنغان ۋەھيي (كەلامى لافزى) ياكى (قۇرئان كەرىم) دېيىلىدۇ. كەلامى لافزى، كەلامى نەفسىنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغىمۇ كەلامى ئىلاھى ۋە سىفاتى ئىلاھى دېيىش جائىزدۇر. ھەممىسىگە قۇرئان كەرىم دېيىلگىنىگە ئوخشاش، پارچىلارغىمۇ قۇرئان دېيىلىدۇ.

كەلامى نەفسىنىڭ مەخلۇق ئەمەسلىكىنى بىر قەدىم ئىكەنلىكىنى، توغرا يولدىكى ئۆلىمالارنىڭ بىردەك دېيىشى بىلەن سۆزلەنگەن. كەلامى لافزىنىڭ ھەدىس ياكى قەدىم ئىكەنلىكىدە سۆز بىرلىكى يوقتۇر. ھەدىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈردىغانلىرىنىڭ بىر قسمى، كەلامى لافزىنىڭ سۆزىنىڭ ھەدىس ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەسلىكى كېرەك دىدى. ئەگەر ھەدىس ئىكەنلىكى دېيىلسە، كەلامى نەفسىنىڭ ھەدىس ئىكەنلىكىنى چۈشۈنىشكە بولىدۇ. ئەڭ ياخشى بولغان سۆز بۇدۇر. ئىنسانلارنىڭ زىھنى، مەلۇم بىر نەرسىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، ئۇ نەرسىنى دەرھال كاللىسىغا كەلتۈرىدۇ. ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىدىن، قۇرئان كەرىم ھەدىستۇر دىگۈچىلەرنىڭ بۇ سۆزى، ئېغىزىمىز بىلەن ئوقۇغان ئاۋاز ۋە سۆزلەرنىڭ مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك سۆزى بىلەن، كەلامى لافزىنىڭ ۋە نەفسىنىڭ، ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى دىدى. بۇ سۆزدە گەرچە مىتافۇر يولىدىن چەتنەپ كەتكەنلەر بولسىمۇ، كەلامى نەفسى ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆزىدۇر دىمەك، ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆزى سۈپۈتىدۇر دىمەكتۇر. كەلامى لافزى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر دېيىش، ئاللاھۇ تائالانى ئاپىرىدە قىلغۇچى دىگەنلىكتۇر.

5 شەرىخ ئۇل مەكاسىدى سادۈددىن تەفتازانى يازغان، 792 [1389] يىلىدا سەمەرقەندە ۋاپات بولغان.

سوئال: يۇقىرىدىكى يېزىلغان نەرسىلەردىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىم دېيىش، ئاۋازىنى ۋە سۆزىنى ئاڭلىدىم دىگەنلىكتۇر. ئاللاھنىڭ ئاۋازىنى ۋە كەلامى نەفسىنى ئاڭلىدىم دىگەنلىك بولىدۇ. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر، ھەتتا ھەممە كىشى ئىككى خىل شەكىلدە ئاڭلىيالايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى (كەلىمۇللاھ) دېيىشنىڭ سەۋەبى نىمە؟

جاۋاپ: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئادەتتىكى ئىلاھلاردىن پەرىقلىق بولۇپ، ھەرىپسىز، ئاۋازسىز بولغان ئاللاھنىڭ سۆزلەرنى ئاڭلىيالىدى. ئاڭلاتقىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولمىغىنىدەك جەننەتتە ئاللاھۇ تائالانىڭ كۆرۈلىدىغىنىغا ئوخشاش، چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر شەكىلدە ئاڭلىدى. باشقا ھىچكىم بۇنداق ئاڭلىمىدى. ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاۋازلىق ئاڭلىدى. پەقەت قۇلاق بىلەنلا ئاڭلىمىدى، ۋۇجۇدىنىڭ ھەربىر زەررىسىگىچە، ھەممە تەرەپتىن ئاڭلىدى. پەقەت ياغاچ تەرىپىدىن ئاڭلىدى، ئەمما ئاۋازلىق ئەمەستى. ھاۋانىڭ تىترىشى ياكى باشقا ۋەقەلەردىن ئاڭلىمىدى. بۇ ئۈچ شەكىلنىڭ بىرى بىلەن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ (كەلىمۇللاھ) ئىسمىگە ئىرىشتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراج كېچىسىدە، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىشى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن ۋەھيي كېلىشىمۇ مۇشۇ خىل شەكىلدە ئىدى.

-4 ئىمان ئىيتىشقا تىگىشلىك ئالتە ئىشنىڭ تۆتىنچىسى، (ئاللاھۇ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئىيتىشتۇر). ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارغا ئاللاھۇ تائالانىڭ ياقتۇردىغان يولىغا باشلاش ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. رۇسۇل، ئەلچىلەر دىگەنلىكتۇر. لۇغەتتە، ئەۋەتىلگەن كىشى ۋە خەۋەرچى دىگەنلىكتۇر. ئىسلامىيەتتە (رەسۇل) دىگەنلىك، يارىتىلغان، خۇلقى، ئىلمى، ئەقلىي پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئۈستۈن، قىممەتلىك، مۇھتەرەم بىر زات دىگەنلىكتۇر. ھىچبىر يامان مىجەزى، ياقتۇرۇلمايدىغان ھالىتى يوقتۇر. پەيغەمبەرلەردە (ئىسمەت) سۈپىتى مەۋجۇتتۇر. يەنى پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بىلدۈرىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن، چوڭ ياكى كىچىك گۇناھ سادىر قىلمايدۇ. [ئىسلامىيەتنى ئىچىدىن يوقىتىشنى خالايدىغان كاپىرلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولىشتىن بۇرۇن، ھەيكەللەرنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلاتتى ۋە مەز ھەپسىزلەرنىڭ كىتاپلىرىنىمۇ ھۆججەت سۈپىتىدە كۆرسىتەتتى دىگەن. بۇ سەت تۆھمەتلەرنىڭ يۇقىرىدىكى سۈپەتلەردىن يالغان ئىكەنلىكى چۈشىنىلىدۇ.] پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بىلدۈرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى تارقالغاندىن كېيىن، چۈشىنىلگىچە بولغان ئارلىقتا، قارىغۇلۇق، گاسلىق ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش

كەمتۈك، نۇقسانلىرى بولمايدۇ. ھەر بىر پەيغەمبەردە يەتتە خىل سۈپەتنىڭ بولىدىغىنىغا ئىشىنىش كېرەك: ئەمانەت، سىدىق، تەبلىغ، ئادالەت، ئىسمەت، فەتانەت ۋە ئەمنۈل ئازىل. يەنى پەيغەمبەرلىك ئورنىدىن چۈشۈرۈۋېتىلمەيدۇ. فەتانەت، تولىمۇ ئەقىللىق، تولىمۇ چۈشىنىشلىك دېگەنلىكتۇر.

يېڭى بىر دىن ئەكەلگەن پەيغەمبەرگە (رەسۇل) دېيىلىدۇ. يېڭى بىر دىن ئەكەلمىگەن، ئىنسانلارنى بۇرۇنقى دىنغا داۋەت ئەتكەن پەيغەمبەرلەرگە (نەبى) دېيىلىدۇ.
بۇيرۇقلارنى تەبلىغ قىلىش ۋە ئىنسانلارنى ئاللاھۇ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرغان رەسۇل بىلەن نەبىنىڭ ئارىسىدا بىر پەرىق يوقتۇر. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش، ئارىسىدا ھېچقانداق بىر پەرىق كۆرمەستىن، ھەممىسىنىڭ سادىق، توغرا سۆز سۆزلىگۈچى ئىلەنلىكىگە ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. ئۇلارنىڭ بىرسىگە ئىشەنمىگەن بىر كىشى، ھېچقايسىسىغا ئىشەنمىگەن بولىدۇ.

پەيغەمبەرلىككە؛ ئىشلەش بىلەن، ئاچ قىلىش بىلەن، ئازاپ-ئوقۇبەت تارتىش بىلەن ۋە كۆپ ئىبادەت قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ. پەقەت ئاللاھۇ تائالانىڭ ئېھسانى، تاللىشى بىلەن بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلىرىنىڭ تەرتىپلىك ۋە پايدىلىق بولىشى ئۈچۈن، زىيانلىق ئىشلاردىن قوغداپ تىنىچلىقتا، ھىدايەتكە، راھەت-پاراغەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن، دىنلەر پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئەۋەتىلگەن. دۈشمەنلىرى كۆپ ۋە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىشىنىش ۋە قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بۇيرۇقلىرىنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىشتا، بىلدۈرۈشتە، دۈشمەنلىرىدىن قورقمىدى، بۇ يولدىن قايتمىدى. ئاللاھۇ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەققانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، توغرا گەپ قىلىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. ھېچكىم بۇ مۆجىزىلەرگە قارشى تۇرالمىدى. پەيغەمبەرلەرى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتقان كىشى، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ (ئۈممىتى) دېيىلىدۇ. قىيامەت كۈنى، ئۈممەتلىرىدىن گۇناھى كۆپلىرى ئۈچۈن شاپائەت قىلىشىغا ئىجازەت بېرىلىدۇ ۋە شاپائەتلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۈممەتلىرىدىن ئالىم، سالىھ ۋە ئاللاھنىڭ دوستلىرى ئۈچۈن، ئاللاھۇ تائالا شاپائەت قىلىشى ئۈچۈن ئىجازەت بېرىدۇ ۋە شاپائەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر ”ئەلەيهى مۇسەﷲۋاتۇ ۋەتەسلىمات“ قەبرىللىرىدە، بىز بىلمەيدىغان بىر ھايات بىلەن ھاياتتۇر. ئۇلارنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇتلىرىنى توپراق چىرىتالمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن، ھەدىس شەرىفتە، (پەيغەمبەرلەر، قەبرىلىرىدە، ناماز

قىلىدۇ ۋە ھەج قىلىدۇ) دەپ بۇيرۇلغان.

[ھازىر، ئەرەبىستاندا (ۋەھابىي) ئىسىملىك كىشىلەر، بۇ ھەدىس شەرىفكە ئىشەنمەيدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنگەن ھەقىقى مۇسۇلمانلارغا كاپىر دەيدۇ. مەنىسى ئېنىق بولمىغان، گۇمانلىق بولغان ناسالارنى خاتا تەۋىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرى كاپىر بولمىسىمۇ، (بىدئەت ئىگىسى) بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا كۆپ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ۋەھابىلىك، مۇھەممەد بىن ئابدۇلۋەھھاب ئىسىملىك نەجدلى بىر ئەخمەق تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئىنگىلىز ئىشپىيونى خەمفىر، ئىبنى تەيمىيەنىڭ[6] بۇرمىلانغان ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئالدىدى. ئابدۇھ[7] ئىسىملىك بىر مىسىرلىقنىڭ يازمىللىرى بىلەن، تۈركلەرگە ۋە ھەممە يەرگە تارقالدى. ئۇلارنىڭ بەشىنچى مەزھەپ ئەمەس، زالالەتتە، خاتا يولدا ئىكەنلىكىنى، (ئەھلى سۈننەت) ئۆلىمالىرى، يۈزلەرچە كىتاپلىرىدا بايان قىلغان. (ئەبەدىي سائادەت) ۋە (قىيامەت ۋە ئاخىرەت) كىتاپلىرىدا بۇلار ئۇزۇن بايان قىلىنغان. ئالالاھۇ تائالا ياش دىن ئۆلىمالىرىنىڭ ئىنگىلىزلارنىڭ چىقارغان، ۋەھابىلىك يولىغا كىرىپ كېتىشتىن ساقلىسۇن! ھەدىس شەرىفلەر بىلەن مەدھىيلەنگەن (ئەھلى سۈننەت) ئۆلىمالارنىڭ يولىدىن ئايرىمىسۇن!]

مۇھەممەد ئەلەيسسالامىنىڭ گۈزەل كۆزلىرى ئۇيقىدا ئىكەن، يۈرىكىنىڭ كۆزلىرى ئۇخلىمايدۇ. پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىلىرنى بەجا كەلتۈرۈشتە، پەيغەمبەرلىك مەسئۇلىيەتلىرنى ئادا قىلىشتا، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئوخشاشتۇر. يۇقىردا بايان قىلغان يەتتە ئىش، ھەممىسىدە بار. پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىلمەيدۇ، تاشلىۋېتىلمەيدۇ. ئالالاھنىڭ دوستلىرىدىن، ئەۋلىيالىق ئېلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر ”ئەلەيھى مۇساللەۋاتۇ ۋەتەسلىمات“ ئىنسانىدىن بولىدۇ. جىنىدىن، پەرىشتىلەردىن پەيغەمبەرلىك بولمايدۇ. جىنلار، پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر-بىرىدىن شەرەپ ۋە ئۈستۈنلىكلىرى باردۇر. مەسلەن، ئۈممەتلىرىنىڭ كۆپ بولىشى، ئەۋەتىلگەن دۆلەتلەرنىڭ چوڭ بولىشى، ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرىنىڭ كۆپ يەرلەرگە تارقىلىشى، مۆجىزىلىرىنىڭ تىخىمۇ كۆپ ۋە داۋاملىشىشى، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئايرىم مۈلۈكلەر ۋە ئىھسانلارنىڭ بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەر جەھەتتە، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) بارلىق

6 مۇھەممەد ئىبنى تەيمىيە، 728 [1328] يىلىدا شامدا ۋاپات بولدى.

7 مۇھەممەد ئابدۇھ، 1323 [ 1905] يىلىدا مىسىردا ۋاپات بولدى.

پەيغەمبەرلەردىن تىخىمۇ ئۈستۈندۇر. ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر، بۇنداق بولمىغان ۋە رەسۇلىللاھلاردىن، رەسۇل ئەمەس نەبىلەردىن تىخىمۇ ئۈستۈندۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ''ئەلەيھى مۇساللەۋاتۇ ۋەتەسلىمات'' سانى ئىنىق ئەمەس. 124 مىڭدىن كۆپ ئىكەنلىكى دىيىلىدۇ. بۇلاردىن 313 ياكى 315 تانىسى رەسۇلدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئالتە تانىسى تىخىمۇ ئۈستۈندۇر. بۇلارغا (ئۇلۇل ئازىم) پەيغەمبەرلەر دىيىلىدۇ. ئۇلۇل ئازىم پەيغەمبەرلەر، ئادەم، نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد مۇستافادۇر (ئەلەيھى مۇسەللاتۇ ۋەسسلام''.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە 33 تانىسى مەشھۇردۇر. بۇلارنىڭ ئىسىملىرى: ئادەم، ئىدرىس، شىت ياكى (شىش)، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، ياقۇپ، يۇسۇف، ئەييۇپ، شۇئەيىپ، مۇسا، ھارۇن، ھىدىر، يۇشا بىن نۇن، ئىلياس، ئەلياسا، زۇلكىفىل، شەمۇن، ئىشموئىل، يۇنۇش بىن مەتا، داۋۇت، سۇلايمان، لوقمان، زەكەريا، يەھيا، ئۇزبىير، ئىسا بىن مەريەم، زۇلقەرنەيىن ۋە مۇھەممەد بىن ئەلەيھى ۋە ئەلەيھى مۇسەللاتۇ ۋەسسالامدۇر.

بۇلاردىن پەقەت 28 تانىسىنىڭ ئىسمى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان. شىت، ھىدىر، شەمۇن ۋە ئىشمۇئىل بايان قىلىنمىغان. بۇ 28 تانىسىدىن زۇلقەرنەيىن، لوقمان، ئۇزەيرىن ۋە ھىدرىن پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئىنىق ئەمەس. (مەكتۇباتى ماسۇمىييە) -2 توم، -36 مەكتۇپتا، ھىدىر ئەلەيھىسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان بايانلار يېزىلغان. -182 مەكتۇپتا، ھىدىر ئەلەيھىسالامنىڭ ئىنساندەك كۆرۈندىغانلىقى ۋە بەزى ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۇنىڭ ھاياتتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. ئاللاھۇ تائالا، ئۇنىڭ ۋە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ دوستلىرىنىڭ روھلىرىنىڭ ئىنسان شەكلىدە كۆرۈنىشىگە ئىجازەت بەرگەن. ئۇلارنى كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ھاياتتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، دىگەنلىكتۇر. زۇلكىفىل ئەلەيھىسالامنىڭ ئىككىنچى ئىسمى خاركىلدۇر. بۇنىڭ ئىدرىس ۋە ئىلياس، ھەتتا زەكەريا ئەلەيھىسالام ئىكەنلىكىنى دىگەنلەرمۇ بار.

ئىبراھىم ئەلەيھىسالام، ھالىللاھتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھۇ تائالانىڭ مۇھەببىتىدىن باشقا، ھىچقانداق نەرسىنىڭ مۇھەببىتى يوقتۇر. مۇسا ئەلەيھىسالام، كەلىمۇللاھتۇر. چۈنكى، ئۇ ئاللاھۇ تائالا بىلەن پاراڭلاشتى. ئىسا ئەلەيھىسالام، كەلىمەتۇللاھتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى يوق ئىدى. يالغۇز (بول) دىگەن ئىلاھى

سۆزى بىلەن ئاپىرىدىن دۇنياغا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھۇ تائالانىڭ ھىكمەتلىك سۆزلىرى، نەسىھەتلەر بىرىپ، ئىنسانلارنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكۈزدى.

ئادەم ئوغۇللىرىنىڭ ئەڭ ئۈستى، ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنى، ئەڭ قىممەتلىك ۋە مەخلۇقلارنىڭ يارىتىلىشىغا تۈرتكە بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ھەبىبۇللاھتۇر. ئۇنىڭ ھەبىبۇللاھ ۋە ئۇلۇغلۇقىنى، ئۈستۈنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر باردۇر. شۇڭا، ئۇنىڭغا مەغلۇپ بولۇش ۋە زىيانغا ئۇچراش دىگەندەك سۆزلەر دىيىشكە بولمايدۇ. قىيامەت كۈنى، ئۇ ھەممە كىشىدىن بۇرۇن قەبرىدىن چىقىدۇ. مەشھەر يىرىگە بۇرۇن بارىدۇ. جەننەتكە ھەممە كىشىدىن بۇرۇن كىرىدۇ. ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى ساناش بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ ۋە ساناشقا ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، مىراج مۆجىزىللىرىنى يىزىش ئارقىلىق يازمىللىرىمىزنى بىزەيلى:

رەسۇلىللاھ ”سەللاللاھۇ تەئەلا ئەلەيھى ۋەسسەللەم“ ياتىقىدا ئۇخلاۋاتقاندا ئويغىنىپ، مۇبارەك بەدىنى بىلەن مەككە شەھرىدىن قۇددۇستىكى ئاقسا مەسچىتىگە ۋە ئۇ يەردە ئاسمانغا ۋە يەتتىنچى قات ئاسماندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئارزۇ قىلغان يەرلىرىگە ئىلىپ كىلىندى. مىراجقا مۇشۇنداق ئىشىنىش كىرەك. [ئىسمائىل بۇرمۇلانغان فىرقىسىدىن بولغۇچىلار ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىسلام دۈشمەنلىرى، مىراج پەقەتلا بىر شەكىل ئىدى، پەقەتلا روھ بىلەن بولدى. بەدەن بىلەن بارمىدى دىيىش ئارقىلىق ۋە يىزىش ئارقىلىق ياشلارنى ئالداشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. بۇنداق چىرىك كىتاپلارنى ئالماسلىق، ئۇلارغا ئالدانماسلىق كىرەك. مىراجنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كىتاپلاردا، مەسىلەن (شىفائى شەرىفتە)[8] ئۇزۇن بىر شەكىلدە تەسۋىرلىگەن. (سائادەتى ئەبەدىيە) كىتابىدىمۇ كەڭ دائىرىلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن.] مەككەئى مۇكەررەمدىن (سىدرەتۇل مۇنتەھاغا) قەدەر، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەلدى. (سىدرەتۇل مۇنتەھا) ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى قەۋەتتىكى ئاسماندا بىر دەرەخ بولۇپ، بارلىق بىلىملەر ۋە بارلىق يۈكسىلىشلەر ئۇ يەردىن ئىلگىرلىيەلمەيدۇ. رەسۇلىللاھ ”سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“، سىدرەدە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى 600 قانىتى بىلەن ئۆز شەكلىدە كۆردى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سىدرىدە قالدى. مەككىدىن قۇددۇسقىچە ياكى يەتتىنچى قات ئاسمانغىچە (بۇراق) ئارقىلىق چىقتى. (بۇراق) ئاق رەڭلىك، ئىشەكتىن كىچىك، قىچىردىن چوڭراق بىر جەننەت ھايۋىنىدۇر. ئۇ دۇنيادىكى ھايۋانلاردىن ئەمەس. ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىلمايدۇ. ئۇناھايىتى

8 شىفانى يازغان قادى ئىياد مالىكى، 544 [ 1150] يىلىدا مەراككۈشتە ۋاپات بولدى.

تېز ماڭدۇ. كۆزنىڭ كۆرەلەيدىغان ئارلىقىقا قەدەم باسىدۇ. رەسۇلۇللاھ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“، (ئاقسا مەسچىتىدە)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ، خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى قىلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى، ئىنسان شەكلىدە ئىدى. (قۇددۇستىن) يەتتىنچى قات ئاسمانغىچە (مىراج) ئىسىملىك نامەلۇم پەلەمپەيلەر بىلەن چىقتى. يولدا پەرىشتىلەر ئوڭ، سول تەرەپكە تىزىلىپ، پەيغەمبەرگە ھەمدۇ-سانا ئېيتتى. ئۇ ھەر قىتىم ئاسمانغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلاتتى. ھەربىرىدە، بىر پەيغەمبەرنى كۆرۈپ سالاملاشتى. (سىدرەدە)، نۇرغۇن ھەيران قالارلىق ئىشلارنى كۆردى. ئۇ جەننەتتىكى نىممەتلەرنى، دوزاقتىكى ئازاپلارنى كۆردى. جانابى ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئارزۇسىدىن ۋە خوشاللىقىدىن جەننەتتىكى ھىچبىر نىممەتكە قارىمىدى. سىدرەدىن ئىلگىرلەپ، يالغۇز نۇرلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرلىدى. ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ قەلەملىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى. 70 مىڭ پەردىدىن ئۆتتى. ئىككى پەردىنىڭ ئارلىقى 500 يىللىق يولغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇياشتىن تىخمۇ پارلاق بولغان (رەفرەف) دەپ ئاتىلىدىغان كارۋاتتىكى كۇرسىدىن ئۆتتى. ئارشى ئىلاھىيەگە ئىرىشتى. ئارشتىن، زاماندىن، ماكاندىن ۋە ماددىلارنىڭ تىشىغا چىقتى. جانابى ئاللاھنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان يەرگە كەلدى.

ئاخىرەت كۈنى زامانسىز ۋە ماكانسىز ئاللاھۇ تائالانىڭ كۆرۈلىدىغانلىقىغا ئوخشاش، چۈشەنگىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر شەكىلدە، ئاللاھۇ تائالانى كۆردى. ھەرپىسىز ۋە ئاۋازسىز بىر شەكىلدە ئاللاھۇ تائالا بىلەن پاراڭلاشتى. ئاللاھۇ تائالاغا ھەمدۇ-سانالار ئېيتتى. ئۇ چەكسىز ياخشىلىقلارغا ۋە شەرەپلەرگە نائىل بولدى. ئۆزىگە ۋە ئۈممىتىگە 50 ۋاق ناماز پەرىز قىلىنغان بولسىمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاستا-ئاستا بەش ۋاق نامازغا قىسقارتىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، پەقەت بامدات، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامىزى قىلىناتتى. مۇشۇنداق ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن، ياخشىلىقلارغا ۋە ئېھسانلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ھەيران قالارلىق نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ كارۋىتىغا كەلدى. ئۇنىڭ ياتقان يېرى تىخى سوۋۇمىغان ئىدى. بايان قىلغانلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئايەتلەردە، بىر قىسمى بولسا ھەدىس شەرىفلەر بىلەن بىللە بايان قىلىنغان. ھەممىسىگە ئىشىنىش ۋاجىپ بولمىسىمۇ، ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ بايانلارنى قۇبۇل قىلمىغۇچىلار ئەھلى سۈننەتتىن ئايرىلغان بولىدۇ.

ئايەتلەرگە ۋە ھەدىس شەرىفكە ئىشەنمىگەن بىرسى، كاپىر بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ (سەييدۇل ئەنبىيا) ئىكەنلىكىنى، يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ’’ئەلەيھى مۇسەللەۋاتۇ ۋەتەسلىمات‘‘ ئەڭ ئالىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ساناقسىز نەرسىلەردىن بىر نەچچىنى كۆرسىتەيلى:

قىيامەت كۈنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ’’ئەلەيھى مۇسەللەۋاتۇ ۋەتەسلىمات‘‘ ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىدا توپلىنىدۇ. ئاللاھۇ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە [مەخلۇقاتلىرىمنىڭ ئىچىدە تاللاپ ياخشى كۆرگىنىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولغان ۋاقتىغا ئىرىشسىڭىز، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ!] دەپ بۇيرۇق قىلدى! پۈتۈن پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئۈممەتلىرىگە مۇشۇنداق نەسىھەت ۋە بۇيرۇق قىلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (خاتەمۇل ئەنبىيادۇر). يەنى ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مۇبارەك روھى بارلىق پەيغەمبەرلەردىن بۇرۇن يارىتىلدى. پەيغەمبەرلىك بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا بېرىلدى. پەيغەمبەرلىك ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن تاماملاندى. ئىسا ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىگە يېقىن، ھەزرىتى مەھدى زامانىدا، ئاسماندىن چۈشىدۇ، يەر يۈزىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى تارقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن بولىدۇ.

[ھىجرىي قەمەرى 1296 ۋە مىلادى 1880 يىلىدا، ھىندىستاندا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئوتتۇرغا قويغان (كادىيانى) دەپ ئاتىلىدىغان بۇزۇقلار، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ بولدى، ئۇنىڭ قەبرىسى كەشمىردە دەپ سەت ۋە يالغان گەپ قىلىدۇ. ئۆزلىرىگە مۇسۇلمان دېسىمۇ، ئىسلامىيەتنى ئىچىدىن يوقىتىشقا ئۇرىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىگە فەتىۋا بېرىلگەن. ئۇلارغا (ئەھمەدىي) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھىندىستاندا ئوتتۇرغا چىققان بىدئەت ئەھلى ۋە زىندىقلاردىن بىرى، (جەمائاتۇت تەبلىيە) گۇرۇپپىسىدۇر. بۇنى 1345 [1926] يىلىدا، ئىلياس ئىسىملىك بىر نادان قۇردى. (مۇسۇلمانلار زالالەتكە چۈشتى. ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چۈشۈمدە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدىم) دېدى. ئوقۇتقۇچىلارنى، بۇزۇق، نەزىر ھۈسەيىن، رەشىد ئەھمەد كەنكوھى ۋە ھالىل ئەھمەد سەھارەن پۈرىنىڭ كىتاپلىرىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى دەيدۇ. مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن، ھەر دائىم نامازنىڭ ۋە جامائەتنىڭ

ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردۇ. ھالبۇكى، بىدئەت ئەھلىنىڭ، يەنى (ئەھلى سۈننەت) مەزھىپىدە ئەمەسلەرنىڭ نامازلىرى ۋە ھېچبىر ئىبادىتى قوبۇل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھلى سۈننەت كىتاپلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق، ئەڭ ئاۋۋال بىدئەت ئېتىقادىدىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي مۇسۇلمان بولىشى كىرەك. قۇرئان كەرىمدە، يىپىق بىر تۈردە بىلدۈرۈلگەن ئايەتلەردىن خاتا مەنىلەرنى چىقارغۇچىلارغا (بىدئەت ئەھلى) ياكى (بۇزۇق) دىيىلىدۇ. ئايەتلەردە، ئۆزى خائىن، بۇرمۇلانغان چۈشەنچىلەر بىلەن، خاتا مەنىلەرنى بەرگەن ئىسلام دۈشمەنلىرىگە (زىندىق) دىيىلىدۇ. زىندىقلار قۇرئان كەرىمنى ۋە ئىسلامىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ۋە ئۇلارنى يىتىشتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە تارقىلىشىغا مىليارلارچە پۇل خەجلىگەن ئەڭ چوڭ دۈشمەن بولسا ئەنگىلىيىلىكلەردۇر. ئىنگىلىز كاپىرلىرىنىڭ تۇزۇقىغا چۈشكەن نادان ۋە نەسەپسىز (تەبلىغى جامائەتچىلەر) ئۆزلىرىگە (ئەھلى سۈننەت) دىيىش ئارقىلىق ۋە ناماز قىلىش ئارقىلىق يالغان ئىيتىدۇ، مۇسۇلمانلارنى ئالدايدۇ. ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد شۇنداق دەيدۇكى، (دىنى بولماي تۇرۇپ ناماز قىلغۇچىلار بولىدۇ.) بۇلار دوزاق ئوتىدا مەڭگۈ كۆيىدۇ. بۇلاردىن بىر قىسمى، مىنارە تىغىدىكى لەكلەك قۇشىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشاش، چوڭ سەللىلىرى، ساقاللىرى ۋە جۈببىلىرى بىلەن، ئايەتلەر ئوقۇپ، ئۇلارغا خاتا مەنىلەر بىرىپ، مۇسۇلمانلارنى ئالدايدۇ. ھالبۇكى ھەدىس شەرىفتە، (ئىننەللاھەلا يەنزۇرۇ ئىلا سۇۋەرىكۇم ۋە لاكىن يەنزۇرۇ ئىلا كۇلۇبۇكۇم ۋە نىيەتىكۇم)، (ئاللاھۇ تائالا سىزنىڭ شەكلىڭىزگە ۋە كىيىمىڭىزگە ئەمەس، قەلبىڭىزگە ۋە نىيەتلىرىڭىزگە قارايدۇ) دەپ دىيىلگەن. بەيىت:

قەددى-قامىتى بولسىمۇ، مال-بايلىقى پارام-پارچە،

چۈنكى لەكلەك قۇشىنىڭ ئۇۋىسىدەك، بىشىنىڭ ئۈستىدە مۇنارە.

بۇ نادانلارنىڭ ۋە ئەخمەقلەرنىڭ يازغان سۆزلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان (ھەقىقەت نەشرىياتىنىڭ) كىتاپلىرىغا جاۋاپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، (ھەقىقەت نەشرىياتىنىڭ كىتاپلىرى خاتا، بوزۇقتۇر، بۇ كىتاپلارنى ئوقۇماڭ) دەيدۇ. ئىسلام دۈشمەنلىرى، زىندىقلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالامىتى ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ يازمىللىرىغا ۋە ئۇلارنى نەشر قىلغان ھەقىقى دىن كىتاپلىرىغا، بۇ كىتاپلار بوزۇق، ئۇلارنى ئوقۇماڭ دىيىشلىرىدۇر. ئىسلام دىنىغا يەتكۈزگەن زىيانلىرى ۋە ئەھلى

سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ جاۋاپلىرى، (پايدىلىق بىلىملەر) كىتابىمىزدا ئۇزۇن يېزىلغان.]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئۈستى، ئالەملەرنىڭ رەھمىتىدۇر. 18 مىڭ ئالەم، ئۇنىڭ رەھمەت دەرياسىدىن پايدىلانماقتا. ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ۋە جىنلارنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. پەرىشتىلەرگە، ئۆسۈملۈكلەرگە، ھايۋانلارغا ۋە ھەر بىر ماددىغا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنلەر كۆپتۇر. باشقا پەيغەمبەرلەر، مەلۇم بىر دۆلەتكە، مەلۇم بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن. رەسۇلىللاھ "سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم" بولسا، پۈتۈن ئالەملەرگە، جانلىق، جانسىز ھەر مەخلۇقاتنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ئاللاھۇ تائالا باشقا پەيغەمبەرلەرنى ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئېيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا، ئەي رەسۇلۇم، ئەي پەيغەمبىرىم دېيىش ئارقىلىق يۇمشاق بىر شەكىلدە بۇيرىغان. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر بىرىگە بېرىلگەن مۆجىزىلەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلىرى ئېھسان قىلىنغان. ئاللاھۇ تائالا ياخشى كۆرگەن پەيغەمبەرلىرىگە كۆپلىگەن ياخشىلىقلار قىلدى، كۆپلىگەن مۆجىزىلەر بەردى، باشقا ھېچبىر پەيغەمبىرىگە بۇنداق مۆجىزىلەر بەرمىگەن ئىدى. مۇبارەك بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلغاندا، ئاينىڭ ئوتتۇردىن ئىككىگە بۆلۈنۈشى، مۇبارەك ئالقىنىغا ئالغان تاشلارنىڭ تەسبىھ بولۇشى، دەرەخلەرنىڭ (يا رەسۇلىللاھ) دەپ، رەسۇلىللاھقا سالام بېرىشى، رەسۇلىللاھنىڭ يېنىدىن كېتىشى بىلەن (خاننانە) دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇق ياغاچنىڭ يىغلىشى، مۇبارەك بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن پاكىز سۇنىڭ ئېقىشى، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا (ماكامى مەھمۇد)، (شەفائاتى كۇبرا)، (كەۋسەر كۆلچىكى)، (ۋەسىلە) ۋە (فادىلە) ئىسىملىك دەرىجىلەرنىڭ بېرىلىشى، جەننەتكە كىرىشتىن بۇرۇن ئاللاھۇ تائالانىڭ جامالىنى كۆرىشى ۋە دۇنيادا دىنغا يېقىن، ئىلىم، ياخشى خۇيلۇق، سەبىر، شۈكۈر، پەقەتلا بەندىنىڭ ھەققىنى ئويلايدىغان، ئىپپەت، ئادالەت، ساداقەت، ھايا، شىجائەت، كەمتەر، ھىكمەت، ئەدەپ، ساماھەت (ياخشىلىق قىلغۇچى)، مەرھەمەت (ياخشىلىق) ۋە تۆگىمەس پەزىلەتلىرى ۋە شەرەپلىرى بىلەن باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن قىلىنغان. ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۆجىزىلەرنىڭ سانىنى ئاللاھۇ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ دىنى باشقا بارلىق دىنلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىكار قىلدى. ئۇنىڭ دىنى، بارلىق دىنلەردىن ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئۈستۈنىدۇر. ئۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئەۋلىياسى، باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئەۋلىياسىدىن تېخىمۇ شەرەپلىكتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ ئەۋلىياسى ئارىسىدا، پەيغەمبەر

ئەلەيهىسسالامنىڭ خەلىپىسى بولۇشقا مۇناسىپ ۋە خەلىپىلىككە باشقىلاردىن ئىلگىرى ماس كېلىدىغان، ئىماملارنىڭ ۋە ۋالىيلەرنىڭ باش تاجى (ئەبۇبەكرى سىددىق) ''رەدىياللاھۇ ئەنها'' پەيغەمبەرلەردىن كېيىن كەلگەن ۋە كېلىدىغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئۈستۈنىدۇر. ئۇ خەلىپىلىك دەرىجىسىگە ۋە شەرىپىگە بىرىنچى بولۇپ ئېرىشتى. مۇسۇلمانلىق ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئاللاھۇ تائالانىڭ لۇتفى ۋە ئېهسانى بىلەن، بۇتلارغا چوقۇنمىدى. كاپىرلىق ۋە بۇزۇقلۇق ئىشلاردىن قوغدىنىشقا بۇيرىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن، بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلىقىنى ئويلىغان ۋە يازغانلارنىڭ قانچىلىق نادان ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىنى بۇ يەردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.]

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۈستى، فارۇكى ئازام، ئاللاھۇ تائالانىڭ ياخشى كۆرگەنلىرىگە دوست قىلىپ تاللىغان ئىككىنچى خەلىپە (ئۆمەر بىن خەتتاپتۇر) ''رەدىياللاھۇ تائالا ئەنھ''.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۈستى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى، ياخشىلىقلار ۋە ئېهسانلارنىڭ خەزىنىسى، هايا، ئىمان ۋە ئىرپان مەنبەسى، زىننۇرەيىن (ئوسمان بىن ئاففاندۇر) ''رەدىياللاھۇ تائالا ئەنھ''.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، رەسۇلۇللاھنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى، ئىنساننى هەيران قالدۇرىدىغان ئەۋزەللىكلەرنىڭ ئىگىسى، ئاللاھۇ تائالانىڭ شىرى (ئەلى بىن ئەبى تالىپتۇر) ''رەدىياللاھۇ تائالا ئەنھ''.

ئۇنىڭدىن كېيىن (هىزرىتى هەسەن) خەلىپە بولدى. هەدىس شەرىفتە بىلدۈرۈلگەن 30 يىللىق خەلىپىلىك بۇنىڭ بىلەن تاماملاندى.[9] ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسانلارنىڭ ئەڭ ئۈستى، رەسۇلۇللاھنىڭ ''سەللاللاھۇ تائالا ئەلەيهى ۋەسسەلەم'' ئىككى كۆزىنىڭ نۇرى، (هۈسەيىن بىن ئەلىدۇر) ''رەدىيەللاھۇ تائالا ئەنهۇم''.

بۇ ئەۋزەللىكلەر، ساۋاپىنىڭ ئىلخمۇ كۆپ بولىشى، دىن ئىسلام ئۈچۈن، ۋەتىنىدىن ۋە ياخشى كۆرگەنلىرىنىدىن ئايرىلىش، باشقىلارغا قارىغاندا ئالدىدا مۇسۇلمان بولۇش، رەسۇلۇللاھنىڭ ''سەللاللاھۇ تائالا ئەلەيهى ۋەسسەلەم'' ئىيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە مەهكەم ئىسلماق، دىنىنى يېيىشقا تىرىشماق، كۆپۈرلۇقنى، فىتنىنى، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

9 هەسەن بىن ئەلى 49 [ 669] يىلىدا مەدىنەئى مۆنەۋۋەردە زەهەرلىنىپ ۋاپات بولدى.

ئەلى ”رەدىيالّلاھۇ ئەنھ“، ئەبۇبەكىردىن ”رەدىيەللاھۇ ئەنھ“ باشقا، ھەممە كىشىدىن بالدۇر مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۇ ۋاقىتتا كىچىك بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە مال-مۈلكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدە، خىزمىتىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ باشتا ئىمان ئېيتىشى، باشقىلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ۋە ئىبرەت ئېلىشىغا ۋە كاپىرلارنىڭ پارەكەندە بولۇشىغا تۈرتكە بولمىدى. ھالبۇكى، باشقا ئۈچ خەلىپىنىڭ ئىمان ئېيتىشى، ئىسلامنى قۇۋۋەتلەندۈردى. ئىمامى ئەلى ۋە باللىرى ”رەدىيالّلاھۇ ئەنھۇم“، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ يېقىن تۇققىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك قېنىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، سىددىقى ئەكبەردىن ۋە فارۇكى ئازامدىن تېخىمۇ ئۈستۈن دېيىلسىمۇ، بۇ ئۈستۈنلۈكلەر ھەممە جەھەتتىن ئۈستۈنلىكنى بىلدۈرمەيدۇ. ھەممە جەھەتتىن، بۆيۈكلەرنىڭ ئالدىدا بولۇشقا ياردىمى بولمايدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىر قانچە نەرسە ئۆگەتكەنلىكىگە ئوخشايدۇ. [قانداشلىقى تېخىمۇ يېقىن بولغان تېخىمۇ ئۈستۈن ھېساپلىنىدىغان بولسا ئىدى، ھەزرىتى ئابباس، ھەزرىتى ئەلىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن بولغان بولاتتى. قانداشلىق جەھەتتىن ئىنتايىن يېقىن بولغان ئەبۇ تالىپمۇ ۋە ئەبۇ لەھەپمۇ، مۆمىنلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىدە تۇرىدىغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ شەرىپى ۋە ئۈستۈنلىكى يوقتۇر.] قانداشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەزرىتى فاتىمە، ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ھەزرىتى ئائىشەدىن ”رەدىيەللاھۇ ئەنھۈننە“ تېخىمۇ ئۈستۈندۇر. ئەمما بىر جەھەتتىكى ئەۋزەللىك باشقا ھەممە جەھەتتىكى ئەۋزەللىكتىن ئۈستۈن بولىدۇ دىگەنلىك ئەمەس. بۇ ئۈچىنىڭ قايسىسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئۆلىمالىمىز باشقا-باشقا بايان قىلغان. ھەدىس شەرىفلەردىن دېيىلگىنىدەك، ئۈچى ۋە ھەزرىتى مەريەم ۋە فىرئەۋۇننىڭ ئايالى ھەزرىتى ئاسىيە ”رەدىيەللاھۇ تائالا ئەنھۈننە ئەجمائىن“، دۇنيا ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر. ھەدىس شەرىفتە (فاتىمە، جەننەت ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر. ھەسەن ۋە ھۈسەيىنمۇ جەننەت ياشلىرىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر) دېيىلگەنكى ئۈچۈن، بۇمۇ بىر جەھەتتىن بىر ئۈستۈنلىكتۇر.

بۇنىڭدىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنلىرى (ئاشەرەئى مۇبەشەررەدىن) يەنى جەننەتكە كىرىش نىسىپ بولغان 10 كىشىدۇر. ئۇلاردىن كېيىن، بەدىر ئۇرۇشىدا جەڭ قىلغان 313 كىشى ئۈستۈندۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇھۇد ئۇرىشىدىكى 700 ئارسلاننىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن، (بىئاتۇر رىدۋان)، يەنى دەرەخنىڭ ئاستىدا رەسۇلۇللاھقا ۋەدە بەرگەن 1400 كىشى ئۈستۈندۈر.

رەسۇلۇللاھ ”سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ يولىدا جېنىنى، مېلىنى پىدا قىلغان،

ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ساھابىلەرنىڭ ”رەدىياللاھۇ ئەنھۇم ئەجمائىن“ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ھۆرمەت ۋە سۆيگۈ بىلەن دىيىشىمىز، ھەممىمىزگە ۋاجىپتۇر. ئۇلارنىڭ بۈيۈكلىكىنى ماس كەلمەيدىغان سۆزلەرنى دىمەسلىكىمىز، ھەرگىز توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ھۆرمەتسىزلىك بىلەن تىلغا ئېلىشىمىز زالالەت ۋە بۇزۇقلۇقتۇر.

رەسۇلۇللاھنى سۆيگەن بىر كىشى، ئۇنىڭ ساھابىللىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆيىشى كىرەك. چۈنكى بىر ھەدىس شەرىفتە، (ساھابىللىرىمنى ياخشى كۆرگەن كىشى، مىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنى سۆيمىگەن كىشى مىنى سۆيمەيدۇ. ئۇلارغا ئازار بەرگەنلىك ماڭا ئازار بەرگەنلىك بىلەن ئوخشاش. ماڭا ئازار بەرگەن كىشى، ئاللاھۇ تائالاغا ئازار بەرگەن بولىدۇ. ئاللاھۇ تائالاغا ئازار بەرگەن كىشى چوقۇم ئازابىنى تاتىدۇ.) دەپ يېزىلغان. يەنە بىر ھەدىس شەرىفتە بولسا، (ئاللاھۇ تائالا مىنىڭ قۇللىرىمدىن بىرسىگە ياخشىلىق قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ قەلبىگە ساھابىللىرىمنىڭ سۆيگۈسىنى سالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جىنىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ) دەپ يېزىلغان.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا بولغان توقۇنۇشلارنى؛ يامان خىياللار بىلەن ۋە خەلىپىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىلدى دىيىش توغرا بولمايدۇ. بۇ پىكىرنى توغرا دەپ قاراش ۋە بۈيۈكلەرگە تىل تەككۈزۈش مۇناپىقلىق بولىدۇ ۋە ئاپەتكە ئىلىپ كىلىدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرماق، ئۇنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى ئاڭلاش، تەئاسسۇپ [يەنى جاھىللىق، كۆرەلمەسلىك] ۋە ھوقۇققا، دۇنيا ماللىرىغا بىرىلىش ھەممىسىنىڭ قەلبىدىن سۆكۈپ ئىلىنغان ۋە يوقۇتىلغان. خىرىس [تويماسلىق، نەپسانىيەتچىلىك] ۋە ئاداۋەت ۋە يامان خۇلۇقتىن خالىي بولۇپ، پاك بولغان. ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ئۈممىتىنىڭ بىر ئەۋلىياسى بىلەن بىر قانچە كۈن بىللە تۇرغان كىشى، ئۇنىڭ گۈزەل خۇلۇقلىرىدىن ۋە ئۈستۈنلىكىدىن پايدىلىنىدۇ ۋە پاكلىنىدۇ. دۇنيا ماللىرىغا بىرىلىشتىن قۇرتۇلىدۇ، ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنى ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ھەممە نەرسىدىن بەك ياخشى كۆرگەنلىكى، جىنىنى، مېلىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن پىدا قىلغانلىقى، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، روھىغا ئوزۇق بولىدىغان سۆھبەتلىرىگە قاتناشقان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ يامان ئادەتلەردىن قۇرتۇلماي، نەپسىنىڭ پاكلانمىغانلىقى، بۇ ئۆتكۈنچە ئالەمدە ئۆزىنىڭ نەپسىللىرىگە بىرىلىپ كەتكەنلىكىنى قانداق چۈشىنىش كىرەك؟ ئۇ بۈيۈكلەر ئەلۋەتتە ھەر قانداق بىر كىشىدىن تىخىمۇ بەك پاكتۇر. ئۇلارنىڭ

ئايرىلىشنى، ئۇلارنىڭ توقۇنۇشلىرىنى، بىزدەك چىرىك نىيەتلىك كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشىتىش، دۇنيا ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نەپسىللىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىلدى دېيىش توغرىمۇ؟ ساھابىلەر ئۈچۈن مۇشۇنداق ناچار ئويلاردا بولماق، جائىز ئەمەستۇر. بۇنداق دېگەن بىر كىشى، ئەجىبا ساھابىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىش، ئۇلارغا تەربىيە قىلغان، ئۇلارنى يېتىشتۈرگەن رەسۇلۇللاھقا ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ دۈشمەنلىك قىلغانلىق بولىدۇ دەپ ئويلىماسمۇ؟ ئۇلارنى رەزىل قىلغانلىق، رەسۇلۇللاھنى رەزىل قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا دىن ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ، (ساھابىلەرنى چوڭ بىلمىگەن، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلمىغان بىر كىشى، رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتمىغان بولىدۇ). تۆگە ۋە سىففىن ئۇرۇشلىرى، ئۇلارنى يامان كۆرسىتىشكە سەۋەپ بولالمايدۇ. بۇ جەڭلەردە ھەزرىتى ئەلىگە قارشى چىققانلارنىڭ ھەممىسىنى يامانلىقتىن قۇتۇلدۇرغان، ھەتتا ساۋاپقا ئېرىشتۈرىدىغان دىنى سەۋەپلەر بار. ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دەيدۇ، (خاتالاشقان بىر ئىجتىھاتچىغا بىر ساۋاپ، ھەقىقەتنى تاپقانغا بىر ياكى ئون ساۋاپ باردۇر. ئىككى ساۋاپىنىڭ بىرىنچىسى، ئىجتىھاتنىڭ ساۋابىدۇر. ئىككىنچى ساۋاپ بولسا، ھەقىقەتنى تاپقانلىق ساۋابىدۇر.) دىن ئۆلىمالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار، كۆرەشلەر، نادانلىق ۋە بىر-بىرىسىگە بولغان دۈشمەنلىك ئەمەس. ئىجتىھاتلارنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان. ئىسلامىيەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغان. ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىھاتچى ئىدى. [مەسىلەن، ئامىر بىن ئاسىنىڭ ”رەدىياللاھۇ تەئالا ئەنھ“ بىر ئىجتىھاتچى ئىكەنلىكى، (ھادىكانىڭ) 298- بەتتىدە ھەدىس شەرىفتە بايان قىلىنغان.]

ھەر بىر ئىجتىھاتچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىھادى بىلەن، ئېرىشكەن بىلىملىرى بويىچە ئىش قىلىشى پەرىزدۇر. بىرسىنىڭ ئىجتىھادى، ئۆزىدىن چوڭ بىرسىنىڭ ئىجتىھاتچىنىڭ ئىجتىھادىغا ماس كەلمىسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىجتىھادىغا ماس كېلىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ ئىجتىھادىغا ماس كېلىشى جائىز ئەمەس. ئىمامى ئازام ئەبۇ خانىفىنىڭ[10] ئوقۇغۇچىسى ئەبۇ يۇسۇف بىلەن مۇھەممەد شەيبانى ۋە ئىمامى مۇھەممەد شافىئىنىڭ[11] ئوقۇغۇچىسى ئەبۇ سەۋر ۋە ئىسمائىل مۇزەنى نۇرغۇن نىيەرلەردە ئۇستازلىرىنىڭ دېمەنلىرىگە ئەمەل قىلمىدى. ئۇستازلىرىنىڭ ھارام دېگەنلىرىنىڭ بەزىللىرىگە ھالال دېدى. ھالال دېگەنلىرىنىڭ بەزىللىرىگە بولسا ھارام دېدى. شۇڭلاشقا ئۇلار گۇناھ

---

10 ئەبۇ خانىفە نۇمان بىن سابىت، 150 [ 767] يىلىدا باغداتتا ۋاپات بولدى.

11 مۇھەممەد بىن ئىدرىس شافىي، 204 [820] يىلىدا مىسىردا ۋاپات بولدى.

سادىر قىلدى، يامان دىگىلى بولمايدۇ. بۇنداق گەپ يوق. چۈنكى، ئۇلار ئۇستازلىرىغا ئوخشاش ئىجتىھاتچىلاردۇر.

شۇنداق، ئەلى ''رەدىيەللاھۇ ئەنھ'' مۇئاۋىيەدىن ۋە ئامىر ئىبنى ئاسادىن ''رەدىيەللاھۇ ئەنھۇما'' تىخىمۇ ئۈستۈن، تىخىمۇ ئىلىملىك ئىدى. ئۇلاردىن ئايرىيدىغان نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىجتىھادىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىھادىدىن تىخىمۇ قۇۋۋەتلىك ۋە ئۇيغۇن ئىدى. ئەمما، ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىھادچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىسىنىڭ بۇ بۈيۈك ئىماننىڭ ئىجتىھادىغا ئەمەل قىلىشى جائىز ئەمەستى. ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھادى بويىچە ئىش قىلىشى كىرەك ئىدى.

سوئال: جەمەل ۋە سىففىن ئۇرۇشلىرىدا، كۆچمەنلەردىن ۋە ئەنسارلاردىن نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر، ئىمامى ئەلى بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىھاتچى ئىكەن، ئىمامى ئەلىگە ئەگىشىشنى ۋاجىپ دەپ بىلدى. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئىمامى ئەلىگە ئەگىشىش، ئىجتىھاتچىلارغىمۇ ۋاجىپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىھادى ماس كەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كىرەك دىيىلسە:

جاۋاپ: ئەلىگە ''رەدىياللاھي تائالا ئەنھ'' ئەگەشكۈچىلەر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەڭ قىلغۇچىلار، ئۇنىڭ ئىجتىھادىغا ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىتتىپاقلاشمىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھادىمۇ، ئىمامنىڭ ئىجتىھادىغا ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىجتىھادى ئىمامى ئەلىگە ئەگىشىش كىرەكلىكىنى ۋاجىپ دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش، ساھابىلەرنىڭ بۈيۈكلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىجتىھادلىرى، ئىمامى ئەلىنىڭ ئىجتىھادىغا ماس كەلمىدى. بۇ بۈيۈك ئىمام بىلەن جەڭ قىلىشى ۋاجىپ بولدى. ئۇ ۋاقىتتا، ساھابىلەرنىڭ ئىجتىھادلىرى ئۈچ تۈرلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىمامى ئەلىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇلارنىڭ ئىمامى ئەلىگە ئەگىشىشى ۋاجىپ بولدى. بىر قىسمى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەڭ قىلغانلارنىڭ ئىجتىھادىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇلارنىڭمۇ ئەلى ''رەدىيەللاھۇ ئەنھ'' بىلەن بىللە، جەڭ قىلغانلارغا ئەگىشىشى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەڭ قىلىشى ۋاجىپ بولدى. ئۈچىنچى قىسىم بولسا، ھەر ئىككى تەرەپكە ئەگەشمەسلىك، توقۇنۇشماسلىق كىرەك دىدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىھادى جەڭگە قاتناشماسلىقتا سەۋەپ بولدى. بۇ ئۈچ قىسىمنىڭ ھەممىسىدە ئەلۋەتتە توغرا ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساۋاپقا ئېرىشتىلەر.

سوئال: يۇقىرىدىكى يازما، ئىمامى ئەلى ”رەدىيەللاھۇ تائالا ئەنھ“ بىلەن بىللە جەڭ قىلغانلارنىڭمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ھالبۇكى، ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى، ئىمامى ئەلىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بولسا خاتا ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈرلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈلگەنلىكى ۋە ساۋاپقا ئېرىشكەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇنىڭغا نىمە دەيمىز؟

جاۋاپ: ئىمامى شافى ۋە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز قاتارلىق دىن ئۆلىمالىرى، ساھابىلەر ئۈچۈن ھىچقايسىسىنى خاتالاشتى دىيىش جائىز ئەمەس دەپ دىدى. شۇڭلاشقا، (چوڭلارغا خاتالاشتى دىيىش خاتادۇر) دىدى. كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا (توغرا قىلدى، خاتا قىلدى، ياقتۇردۇق، ياقتۇرمىدۇق) قاتارلىق گەپلەرنى دىيىشلىرى جائىز ئەمەس. ئاللاھۇ تائالا، قوللىرىمىزنى ئۇ چوڭلارنىڭ قىنى بىلەن بويىمىغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ توغرا قىلدى، خاتا قىلدى دىگەندەك سۆزلەرنى سۆزلەشتىن تىلىمىزنى تاتىشىمىز كىرەك. ئىلىمى كۆپ ئۆلىمالار، دەلىل-ئىسپاتلارنى ئىگىلەش ۋە ۋەقەلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىمامى ئەلى توغرا قىلغان ئىدى، قارشى تەرەپتىكىلەر خاتالاشتى دىگەن بولسىمۇ، بۇ سۆزلەر بىلەن (ئەلى ”رەدىيەللاھۇ ئەنھ“ قارشى تەرەپتىكىلەر بىلەن سۆزلىشەلىگەن بولغان بولسا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىجتىھاد قىلىشىغا تۈرتكە بولغان بولاتتى) دىمەكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە، زۈبەير بىن ئاۋۋام ھەزرەتلىرى، تۆگە ئۇرۇشىدا، ھەزرىتى ئەلىگە قارشى چىققۇچى بولغان بولسىمۇ، ۋەقەلەرنى تىخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئىجتىھادى ئۆزگەرتتى. جەڭدىن ۋاز كەچتى. بۇ يەردە ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ خاتالارنى جائىز كۆرگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى، مۇشۇنداق چۈشىنىش كىرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى توغرا يولدا، قارشى تەرەپتىكى ئائىشە سىددىق ۋالىدىمىزگە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ساھابىلەرگە نادان دىيىش جائىز ئەمەس.

ساھابىلەرنىڭ بۇ قىلغان ئۇرۇشلىرى، ئەھكام تۈرلىرىدىن بولغان ئىجتىھاد ئايرىلىشلار بولغان ئىدى. ئىسلامنىڭ ئاساسى ۋە مۇھىم ئىشلىرىدا ھىچقانداق ئايرىلىش يوق ئىدى. ھازىر ئارىمىزدىكى بەزىبىر كىشىلەر، مۇئەۋىيە ۋە ئامىر ئىبنى ئاس ”رەدىياللاھۇ ئەنھۇما“ قاتارلىق دىنني داھىلارغا تىلىنى تەككۈزىۋاتىدۇ ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ. ساھابىلەرگە ئازار بىرىشنىڭ، رەسۇلىللاھقا ”سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ئازار بىرىش بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىغا ۋە تۆۋەن كۆرگەنلىك

بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئىمام مالىك ىبن ئەنەسنى (مۇئاۋىيەيە ۋە ياكى ئامىر ىبن ئاسا) ''رەدىيەللاھۇ ئەنھۇما''[12] تىللىغان، يامانلىق قىلغان ىبرى، ئۇلارغا قىلغان يامان گەپ-سۆزلىرىگە لايىق ىبرىدۇر. ئۇلارغا ئەدەپسىزلىك قىلغانلارغا، ئىيتقانلارغا ۋە يازغانلارغا ئىېغىر جازا ىبرىش كىرەكلىكى (شىفائى شەرىفتە) يېزىلغان. ئاللاھۇ تائالا قەلبىمىزنى ساھابىلەرنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولدۇرسۇن! ئۇ چوڭلارنى، سالىھ، تەقۋا ىبرىنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇناپىق ۋە گۇناھكار ىبرسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

رەسۇلىللاھنىڭ ''سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم'' ساھابىللىرىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئەۋزەللىكلىرىنى چۈشىنىپ، ھەممىسىنى ياخشى كۆرگەنلەرگە، ھەممىسىنى ھۆرمەتلىگەنلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغۇچىلارغا (ئەھلى سۈننەت) دىيىلىدۇ. ىبر قانچىسىنى ياخشى كۆرىمىز، باشقىللىرىنى ياخشى كۆرمەيمىز دەپ ئۇلارنى يامان كۆستەرگەنلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭمىغۇچىلارغا (رافىزى) ۋە (شىئى) دەپ ئاتىلىدۇ. رافىزىلەر، ئىراندا، ھىندىستاندا ۋە ئىراقتا جىق. تۈركىيەدە يوق. بۇلارنىڭ بەزىللىرى مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمان، قەلبى پاكىز ئالەۋىلەرنى ئالداش مەقسىتىدە، ئۆزلىرىنى ىبز (ئالەۋى) دىدى. ھالبۇكى، ئالەۋى، ئەلىنى ''رەدىيەللاھۇ ئەنھ'' ياخشى كۆرىدىغان مۇسۇلمان دىگەنلىكتۇر. ىبرسىنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىدا مېڭىش، ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىرىنى ياخشى كۆرۈش كىرەك. ئەگەر ئۇلار ئەلىنى ''رەدىيەللاھۇ ئەنھ'' ياخشى كۆرگەن بولسا ئۇنىڭ يولىدىن ماڭغان بولاتتى. ئەلى ''رەدىيەللاھۇ ئەنھ'' ساھابىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرەتتى. ئىككىنچى بولۇپ خەلىپە بولغان ئۆمەرنىڭمۇ ''رەدىيەللاھۇ ئەنھۇما'' مۇشاۋىرى ۋە ئىچىنى تۆكىدىغان ھەمراھى بولغان ئىدى. فاتىمەنىڭ ''رەدىيەللاھۇ ئەنھا'' قىزى ئۇممىي گۈلسۈم ئۆمەر ''رەدىيەللاھۇ ئەنھ'' بىلەن توي قىلدى. خۇتبىدە، ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئۈچۈن (قېرىنداشلىرىمىز ىبزدىن ئايرىلدى. ئۇلار كاپىر ۋە پاسىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىجتىساتلىرى مۇشۇنداق بولدى) دەپ بۇيۇردى. ئۆزى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان تالھا ''رەدىيەللاھۇ ئەنھ'' شېھىت بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ يۈزىدىكى توپىلارنى سۈرتتى. نامىزىنى ئۆزى چۈشۈردى. ئاللاھ تائالا، قۇرئان كەرىمدە (مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى) ئېيتتى. فەتىھ سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەلىمىسىدە، (ساھابىلەرنىڭ ىبر-ىبرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن) خەۋەر بەردى. ساھابىلەرنىڭ

12 مۇئاۋىيە ىبن ئەبۇ سۇفيان 60 [680] يىلىدا شامدا ۋاپات بولغان. ئامىر ئىبنى ئاس 43 [663] يىلىدا مىسىردا ۋاپات بولغان.

بىرسىنىمۇ ياخشى كۆرمەسلىك ۋە تېخىچە ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، بۇ قۇرئان كەرىمگە ئىشەنمىگەنلىك بولىدۇ. ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى، ساھابىلەرنىڭ ”رەدىيەللاھۇ تەئەلا ئەنھۇم ئەجمائىن“ ئۈستۈنلىكلىرىنى ياخشى چۈشەندى. ھەممىسىنى ياخشى كۆرىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. مۇسۇلمانلارنى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇردى.

ئەھلى بەيتى يەنى ئەلىنى ”رەدىيەللاھۇ ئەنھ“ ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەۋلاتلىرىنى، شەجەرىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلارغا ۋە ئەھلى سۈننەتنىڭ كۆز قارچۇقى ھىساپلىنىدىغان چوڭلارغا دۈشمەنلىك قىلىدىغانلارغا (خارىجى) دېيىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خارىجىلەرگە (يەزىدى) دېيىلىدۇ. يەزىدىلەرنىڭ دىنلىرى ۋە ئىمانلىرى بەك بۇزۇلۇپ كەتكەن.

ساھابىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرىمىز دەپ قويۇپ ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭمىغانلار، ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق چۈشەنچىلىرىگە بۇ ساھابىلەرنىڭ يولى دەۋالغۇچىلارغا (ۋاھھابى) دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاھھابىزىم، مەزھەپسىز دىني زات ئەھمەت ئىبنى تەيمىيەنىڭ كىتاپلىرىدىكى بۇرمىلانغان پىكىرلەر بىلەن Hempher ئىسىملىك ئىنگلىز جاسۇسىنىڭ يالغانچىلىقلىرىنىڭ ئارلاشمىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ۋاھابىلەر، ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنى، سوپىزىم چوڭلىرىنى ۋە شىئەلەرنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلار ھەممىنى ناچارلاشتۇرىدۇ. پەقەتلا ئۆزىنى مۇسۇلمان ھىساپلايدۇ. ئۆزىگە ئوخشىمىغانلارنى مۇشرىك دەيدۇ. ئۇلارنىڭ جىنى ۋە مېلىنى ۋاھابىلەرگە ھالال دەپ قارايدۇ. (ھەممە نەرسىنى ھالال سانىغۇچى) بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدىن ۋە ھەدىستىن بۇرمۇلانغان ۋە خاتا مەنىلەرنى چىقىرىپ، مۇسۇلمانلىقنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىدۇ. ئەدەللىيى شەرىيەنى ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىنكار قىلىدۇ. تۆت مەزھەپنىڭ ئۆلىمالىرى، ئەھلى سۈننەتتىن ئايرىلغۇچىلارنىڭ دالالەتكە يۈز تۇتقانلىقىن ۋە ئىسلامنى جىق ۋەيران قىلغانلىقىنى نۇرغۇن كىتاپلىرىدا ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلىدى. تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، تۈرلۈكچە (قىيامەت ۋە ئاخىرەت)، (سائادەتى ئەبەدىيە) كىتاپلىرىنى ۋە ئەرەپچە (مىنھاتۇل ۋەھبىيە)، (ئەت تەۋەسسۇلۇ بىن نەبى ۋە بىس سالىھىن) (سەبىلۈن نەجات) ۋە پارىسچە (سەيفۇل ئەبرار) كىتاپلىرىنى ئوقۇپ چىقىڭ! بۇ كىتاپلار بىدئەت ئەھلىگە رەدىيە بېرىش ئۈچۈن يېزىلغان نۇرغۇن قىممەتلىك كىتاپلار ئىستانبۇلدا (ھەقىقەت نەشرىياتى) تەرىپىدىن بىسىپ چىقىرىلدى.

(ئىبنى ئابدىننىنىڭ)[13] ئۈچىنچى تومىدا ھەقتىن ئايرىلغانلارنى چۈشەندۈرگەندە ۋە تۈرۈكچە (نىممەتى ئىسلام) كىتابىدا نىكاھنى چۈشەندۈرگەندە، ۋاھھابىلەرنىڭ ھەممە نەرسىنى ھالال سانىغۇچى ئىكەنلىكى ئېنىق يېزىلغان. سۇلتان ئىككىنچى ئابۇلخەمىت خاننىڭ ئەمىرلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەييۇپ سەبرى پاشا[14]، (مىراتۇل ھارامەيىن) ۋە (تارىخى ۋاھھابىيان) كىتاپلىرىدا ۋە ئەھمەت جەۋدەت پاشا، تارىخنىڭ يەتتىنچى تومىدا، ۋاھھابىلەرنى تۈركچە ئۇزۇن ئۇزۇن بايان قىلغان. يۇسۇف نەبھانىڭ مىسىردا ئەرەپچە بىسىپ نەشىر قىلىنغان (شەۋاھىدۇل ھەق) كىتابىدا، ۋاھھابىلەرگە ۋە ئىبنى تەيمىييەگە ئۇزۇن قىلىپ جاۋاپ بەرگەن. بۇ كىتاپنىڭ 50 بېتى 1972 يىلىدا ئىستانبۇلدا ئەرەپچە قىلىپ نەشىر قىلىنغان (ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ۋاھھابىلەر) كىتابىدا بار.

ئەييۇپ سەبرى پاشا ”رەھىمە ھاللاھۇ تەئالا“ شۇنداق دەيدۇكى: (ۋاھھابىزىم، 1205[ 1791] يىلىدا ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا قانلىق، ئىشكەنجىلىك بىر ئىنقىلاپ بىلەن بىرلىكتە مەيدانغا كەلدى). ۋاھھابىزىمنى ۋە مەزھەپسىزلىكنى يازغان كىتاپلىرى بىلان دۇنياغا تارقاتماقچى بولغانلارنىڭ بىرى مىسىرلىق مۇھەممەد ئابدۇدۇر. ئۇ بىر ماسوندۇر ۋە قاھىرەدىكى ماسون تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى جەمالەددىنى ئەفگانىيەگە[15] بولغان ھەيرانلىقىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق يازغان ئابدۇ، بۈيۈك بىر ئىسلام ئالىمى، ئىلغار زىيالى، ئىسلاھاتچى دەپ قارىلىپ، ياشلارغا باشلامچىلىق قىلىشقا بۇيرۇلدى. ئەھلى سۈننەتنى يوقىتىش، ئىسلامنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن توزاق قۇرغان ئىسلام دۈشمەنلىرىمۇ، دىنى زات قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن مۇسۇلمانلىقنى مەدھىيلەپ، تۈيدۇرماستىن بۇ فىتنىنى يېيىشقا باشلىدى. ئابدۇ بولسا ئاسمانغا چىقىرىلدى. ئەھلى سۈننەتنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرىغا مەزھەپ ئىماملىرىغا نادان دىيىلدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنماس بولدى. ئەمما، ئىسلام ئۈچۈن قانلىرىنى تۆككەن، رەسۇلىللاھ ”سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم“ ئىشقى ئۈچۈن جېنىنى بېغىشلىغان ئەجدادىمىزنىڭ شانلىق شېھىتلىرىمىزنىڭ پاك ۋە ئالىيجاناپ بالىللىرى بۇ تەشۋىقاتلارغا ۋە مىليونلارچە بېرىلگەن پۇل قارشىسىدا ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمىدى. ھەتتا، بۇ ئالدامچى دىن قەھرىمانلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدى ۋە ئۇلارنى تونىمىدى. جانابى ھەق، شېھىت ئەۋلاتلىرىنى بۇ رەزىل ھۇجۇملاردىن

13 مۇھەممەت ئەمىن ئىبنى ئابىدىن 1252 [ 1836] يىلىدا شامدا ۋاپات بولغان.

14 ئەييۇپ سەبرى پاشا، 1308 [1890] يىلىدا ۋاپات بولغان.

15 جەمالەددىن ئەفگانى، 1314 [ 1897] يىلىدا ۋاپات بولغان.

قوغدىدى. بۈگۈنمۇ، مەۋدۇدى[16]، سەيىد قۇتۇپ[17]، ھەمىدۇللاھ ۋە (جامائەتكە تەبلىغ قىلغۇچىلار) قاتارلىق مەزھەپسىزلەرنىڭ كىتاپلىرى تەرجىمە قىلىنىپ ياشلارنىڭ ئوقۇشىغا سۇنۇلدى. غايەت زور ئىلانلار بىلەن تەشىق قىلىنغان، مەدھىيلەنگەن بۇ تەرجىمىلەردە، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىلدۈرگەنلىرىگە ماس كەلمەيدىغان بىر بۇرمىلانغان پىكىر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. سۇ ئۇخلايدۇ، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ. ئاللاھۇ تائالا، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇھەممەت پەيغەمبەر ”ئەلەيھىسسالام“ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنى غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئۇيغاتسۇن! دۈشمەنلەرنىڭ ئالدامچىلىقى ۋە تۆھمەتلىرىگە ئالدىنىشتىن  بىزنى قوغدىسۇن! ئامىن. پەقەتلا دۇئا قىلىش بىلەن ئۆزىمىزنى ئالدىمايلى! ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلمىغان، سەۋەپ قىلماي، ئىشلىمەي تۇرۇپ دۇئا قىلىش، ئاللاھۇ تائالادىن مۆجىزە يۈز بېرىشنى كۈتۈش دىگەنلىكتۇر. مۇسۇلمانلىقتا، ھەم ئىشلەش ھەم دۇئا قىلىش باردۇر. ئالدى بىلەن سەۋەپ قىلىش، ئۇنىڭدىن كىيىن دۇئا قىلىش كىرەك. كۇفۇرلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىسلامنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش كىرەك. ئەھلى سۈننەت ئىتىقادىنى ۋە پەرىزلىرىنى، ھاراملىرىنى ئۆگىنىش، ئايال. ئەركەك ۋە ھەممە كىشىگە پەرىزدۇر. بۇ بىرىنچى ۋەزىپىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بۇنى ئۆگىنىش ئىنتايىن ئاسان. چۈنكى توغرا بولغان بىر دىن كىتابىنى يېزىش ۋە نەشىر قىلىشتا بىر توسالغۇ يوق. مۇسۇلمانلارغا بۇ ئەركىنلىكنى بەرگەن دۆلەتكە، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ياردەم قىلىشى لازىم.

ئەھلى سۈننەت ئىتىقادىنى ۋە بىلىملىرىنى ئۆگەنمەيدىغان، باللىرىغا ئۆگەتمىگەنلەر، مۇسۇلمانلىقىدىن ئايرىلىپ قىلىش ۋە كاپىر بولۇپ قىلىش خەۋپىگە دۇچ كىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ دۇئالىرى قۇبۇل بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، كۇپۇرلۇقتىن ساقلىنالمايدۇ. رەسۇلىلاھ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ شۇنداق دىگەن: (ئىلىم بار جايدا، مۇسۇلمانلىق بار. ئىلىم يوق يەردە مۇسۇلمانلىق يوق.) ئۆلماسلىك ئۈچۈن، يىيىش، ئىچىش كىرەك بولغانغا ئوخشاش، كاپىرلارغا ئالدانماسلىق ۋە دىندىن چىقماسلىق ئۈچۈن، دىننى ۋە ئىماننى ئۆگىنىش كىرەك. ئەجدادلىرىمىز ھەر ۋاقىت توپلىنىپ، ئىلمىھال كىتاپلىرىنى ئوقۇپ دىنلىرىنى ئۆگەنگەن. قانداقلا بولمىسۇن، مۇشۇنداق قىلىپ مۇسۇلمان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ھۇزۇرىدىن

16 مەۋدۇدى، ھىندىستاندىكى (جامائەتۇل ئىسلامىيەنىڭ) قۇرغۇچىسىدۇر. 1399  [ 1979]  يىلىدا ۋاپات بولغان.

17 سەيىد قۇتۇپ 1386 [1966] يىلىدا مىسىردا ئۆلتۈرۈلدى.

بەھرىمەن بولدى. ئۇلار بۇ سائادەت نۇرىنى بىزگە توغرا بىر شەكىلدە يەتكۈزدى. بىزنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشىمىز، ئەۋلاتلىرىمىزنى ئىچىمىزدىكى ۋە تېشىمىزدىكى كاپىرلارغا يەم قىلىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن بىرىنچى ۋە ئەڭ زۆرۈر بولغان چارە ئالدى بىلەن ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى تەييارلىغان ئىلمىھال كىتاپلىرىنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشتۇر. بالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئاتا-ئانا، بالىسىغا قۇرئان ئۆگىتىشى كىرەك. پۈرسىتىمىز بولغاندىن كىيىن ئوقۇيلى، ئۆگىنەيلى ۋە باللىرىمىزغا، گېپىمىزنى ئاڭلىغانلارغا ئۆگىتەيلى! ئۇلارنىڭ مەكتەپكە بارغاندىن كىيىن بۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشى تەس بولىدۇ. ھەتتا مۇمكىن ئەمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئايەت كەلگەندە ئاھ ئۇرۇشنىڭ ھىچبىر پايدىسى يوق. ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ، زىندىقلارنىڭ تاتلىق سۆزلىرىگە، كىتاپلىرىغا، گېزىتلىرىغا، مەجمۇئالىرىغا، تېلېۋىزيون، رادىيو ۋە فىلىملىرىگە ئالدىنىشقا بولمايدۇ. ئىبنى ئابىدىن "رەھىمە ھۇللاھۇ تەئالا"، ئۈچىنچى تومىدا شۇنداق دەيدۇكى، (ھىچبىر دىنغا ئىشەنمەي تۇرۇپ، مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ كۇپۇرلۇقىقا سەۋەپ بولىدىغان نەرسىلەرنى مۇسۇلمانلىقمىش كەبى بايان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى دىندىن چىقىرىشقا تىرىشىۋاتقان ھىلىگەر كاپىرلارغا (زىندىق) دىيىلىدۇ.

سۇئال: مەزھەپسىزلەرنىڭ چىرىك كىتاپلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان ماقالىلەرنى ئوقۇغان بىر كىشى مۇنداق دەيدۇكى،(قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرنى ئوقۇشىمىز كىرەك. دىنىمىزنى، قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىشنى دىن ئۆلىمالىرىغا قالدۇرۇش خەتەرلىك ۋە قورقۇنۇچلۇق بىر پىكىردۇر. قۇرئان كەرىمدە (ھەي دىن ئۆلىمالىرى) دىيىلمەيدۇ. (ھەي ئىمان ئېيتقۇچىلار)، (ھەي مۇسۇلمانلار) قاتارلىق ئىستاپلار ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر بىر مۇسۇلمان، قۇرئان كەرىمنى ئۆزى ئوقۇپ چۈشىنىشى، باشقىلارنىڭ چۈشەندۈرىشىنى ئۈمىد قىلماسلىق كىرەك).

بۇ كىشى ھەممە ئادەمنىڭ تەپسىر، ھەدىس ئوقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ، ئەھلى سۈننەت چوڭلىرىنىڭ، كەلام، فىقھە، ئىلمىھال كىتاپلىرىنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلمايدۇ. دىيانەت ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ نەشىر قىلغان مىسىرلىق رەشىد رىزانىڭ[18] 1394 [1974] يىلى ۋە 157-نۇمۇرلۇق (ئىسلامدىكى بىرلىك ۋە فىقھە مەزھەپلىرى) كىتابى ئوقۇرمەنلەرنى پۈتۈنلەي ھەيران قالدۇردى. بۇ كىتاپنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە، مەسىلەن، ئالتىنچى باياندا شۇنداق دەيدۇكى:

18 رەشىد رىزا، مۇھەممەد ئابدۇنىڭ ئوقۇغۇچىسىدۇر. 1354 [ 1935] يىلىدا ۋاپات بولغان.

(مۆجىزىلەر پەيغەمبەرلەرگە ”سەلەۋاتۇللاھى ئەلەيھىم ئەجمەئىن“ ئوخشاش يۈكسەكلىككە چىقاردى. ھەتتا پەيغەمبەرنىڭ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ھەدىسىگە ئەمەل قىلمىغان بىر مۆجىزىدىنىڭ سۆزىنىڭ تاللاپ ئېلىپ، ھەدىسنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇلار، بۇ ھەدىسنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى پاكى ئىمامنىڭ نەزىرىدە باشقا ھەدىسنىڭ بار بولىشى ئېھتىماللىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دىدى.

بۇ تەقلىد قىلغۇچىلار، ھۆكۈم بېرىشتە خاتالىشىدىغان ياكى بىر نەرسە بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، خاتالىق سادىر قىلىشتىن ئۇزاق بولغان پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسىدىن ۋاز كېچىپ ئارقىلىق مۆجىزىدىلەرنى تەقلىد قىلىشتىن ئايرىغان بولىدۇ. قۇرئاندىنمۇ ئايرىلغان بولىدۇ. ئۇلار قۇرئاننى مۆجىزىد ئىمامىدىن باشقا ھىچكىم ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدۇ دەيدۇ. فىقشۇناسلارنىڭ ۋە باشقا تەقلىد قىلغۇچىلارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلىرى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن ئۆرنەك ئالغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئاننى ۋە ھەدىسنى ئوقۇپ چۈشىنىش، فىقىھشۇناسلارنىڭ يازغان كىتاپلارنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىن تېخىمۇ ئاسان. ئەرەپچىدىكى سۆزلەرنى ۋە ئۇسلۇپلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلىگەنلەر، قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئوقۇپ چۈشىنىشتە قىينالمايدۇ. ئاللاھۇ تائالا ئۆز دىنىنى ئېنىق بايان قىلىدىغانلىقىغا قادىر ئىكەنلىكىنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ رەسۇلىللاھنىڭ ئاللاھنىڭ مۇرادىنى ھەممە كىشىدىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى ۋە چۈشەندۈرەلەيدىغانلىقىنى، باشقىلاردىن تېخىمۇ بەك بىر ئىشنى قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئۈممەت ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس دىمەك، ئۇنىڭ تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلمىدى دىگەنلىك بولىدۇ. نۇرغۇن ئىنسانلار، قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنى چۈشىنەلمىگەن  بولسا، جانابى ھەق، كىتاپ ۋە سۈننەتتىكى ھۆكۈملىرى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارنى مۇكەللەف قىلمىغان بولاتتى. ئىنسان، دەلىللىرى بىلەن نىمىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلىشى كىرەك. جانابى ھەق، تەقلىد قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. دادىسى ۋە بوۋىسىنى تەقلىد قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. ئايەتلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، تەقلىد قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. دىننى دەلىللەر بىلەن چۈشىنىش، ئىمان قىسمىنى چۈشىنىشتىن تېخىمۇ ئاسان. قىيىن نەرسىنى ئىجرا قىلىشنى تەكلىپ قىلغۇچى، ئاسان نەرسىنى قانداقسىگە مۇكەللەف قىلمىسۇن؟ گەرچە بەزى ئىشلارنىڭ ھۆكۈمىنى چىقىرىش قىيىن بولسىمۇ، ئۇلارنى

بىلمەسلىك ۋە قىلماسلىق ئۆزلۈر ھىساپلىنىدۇ. فىقھشۇناسلار بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى ئىجاد قىلدى. بۇلار ئۇچۇن ھۆكۈملەر ئوتتۇرغا قويدى. بۇلار ئۇچۇن، رەي، قىياسى جەلىل، قىياسى ھافى قاتارلىق ئىشلارنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. ئۇلار يەنە ئەقىل يولى بىلەن بىلىم ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىبادەت سورۇنىغا ئېلىپ كېلىندى. شۇڭا دىننى كېڭەيتىپ بىر نەچچە قاتقا ئېلىپ چىقتى. مۇسۇلمانلارنى كۈلپەتكە ئېلىپ باردى. مەن قىياسنى ئىنكار قىلمايمەن. ئىبادەت ساھەسىدە قىياس يوق دەيمەن. ئىمان ۋە ئىبادەتلەر ھەزرىتى پەيغەمبەر زامانىدا تاماملاندى. ھېچكىم بۇنىڭغا بىر نەرسە قوشالمايدۇ. مۇجتەھىد ئىماملىرى كىشىلەرنى تەقلىد قىلىشتىن چەكلىدى ۋە تەقلىدى قىلىشنى ھارام قىلدى.) دەيدۇ.

مەزھەپسىز رەشىد رىزانىڭ (ئىسلامدا بىرلىك ۋە فىقھى مەزھەپلىرى) كىتابىدىن ئۇلاسلەپ چىققان يۇقىرىدىكى بايانلار، مەزھەپسىزلەرنىڭ پۈتۈن كىتاپلىرىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ تۆت مەزھەپ ئىمامىنى دورىشىنى توسىدۇ. ئۇ ھەممەيلەننىڭ تەپسىز ۋە ھەدىس ئۆگىنىشىنى بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭغا سىز نىمە دەيسىز؟

جاۋاپ: مەزھەپسىزلەرنىڭ كىتاپلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇساق، بۇرمىلانغان ئوي-پىكىر ۋە بۆلگۈنچىلىك قاراشلىرىنى چىرىگەن مەنتىق زىنجىرلىرى بىلەن بېزەش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئالدىماقچى بولىۋاتقانلىقى دەرھال ئايان بولىدۇ. نادانلار بۇ يازمىلارنىڭ مەنتىق، ئەقىل، بىلىمنى ئاساس قىلغان ئاساستا يېزىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئەمما بىلىملىك، ئۆتكۈر تەپەككۇر قىلغۇچىلار بۇلارنىڭ قىلتىقىغا ھەرگىز چۈشمەيدۇ.

مۇسۇلمانلارنى ئەبەدىي پالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان مەزھەپسىزلىك خەۋپىدىن ياشلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ”رەھىمە ھۇمۇللاھۇ تەئالا“ ئونتىنچى ئەسىردىن بېرى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. يۇقىرىدىكى سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، يۇسۇف نەبخانىنىڭ[19] (ھۇججەتۇللاھى ئالەمىن) كىتابىنىڭ 771- بېتىدىن باشلاپ بىر قىسمىنى تەرجىمە قىلىشنى ئۇيغۇن كۆردۇق:

قۇرئان كەرىمدىن ھۆكۈم چىقىرىش، ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. مۇجتەھىد ئىماملىرىمۇ، قۇرئان كەرىمدىكى پۈتۈن ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىگە چۈشەنچە بېرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلىللاھ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“

19 يۇسۇف نەبخانى، 1350 [1932] يىلىدا بەيرۇتتا ۋاپات بولغان.

قۇرئان كەرىمدىكى ئەھكاملارنى ھەدىس-شەرىف بىلەن چۈشەنچە بەرگەن. قۇرئان كەرىمنى پەقەت رەسۇلۇللاھ ” سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ چۈشەندۈرگىنىدەك، ھەدىس-شەرىفلەرنىمۇ، پەقەتلا ساھابىلەر ۋە مۇجتەھىد ئىماملىرى چۈشىنەلەيتى ۋە چۈشەندۈرەلەيتى.

ئۇلارنىڭ بۇنى چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھۇ تائالا مۇجتەھىد ئىماملىرىغا ئەقىل، ئىلىم، ئىدراك، قۇۋۋەت، ئۆتكۈر زېھىن، ئۈستۈن ئەقىل ۋە تېخىمۇ ئۈستۈن ئەۋزەللىكلەرنى ئىھسان قىلدى. بۇ ئەۋزەللىكلەرنىڭ بېشىدا تەقۋالىق باردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، قەلبىدىكى ئىلاھى نۇر كېلىدۇ. مۇجتەھىد ئىماملىرى بۇ ئەۋزەللىكلەرنىڭ ياردىمىدە، ئاللاھۇ تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ كەلىمىللىرىدىن ئۇلارنىڭ مۇرادلىرىنى چۈشىنىپ، چۈشەنمىگەنلىرىنى (قىياس) بىلەن ئىپادىلىگەن. تۆت مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ چۈشەنچىللىرى بىلەن سۆزلەنمىگەنلەرنى بايان قىلىپ، ئوقۇغۇچىللىرىغا (ئەگەر سەھىھ ھەدىسنى ئۇچراتسىڭىز، مېنىڭ دىگەنلىرىمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇڭ. رەسۇلۇللارھنىڭ ھەدىسىگە ئەمەل قىلىڭ!) دىگەن. مەزھەپ ئىماملىرىمىز، بۇ سۆزلەرنى، ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۇجتەھىد بولغان چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئۆلىمالارغا سۆزلىگەن. بۇ ئالىملەر، تۆت مەزھەپنىڭ دەلىللىرىنى بىلىدىغان ئىقتىدارلىق كىشىلەردۇر. بۇ مۇجتەھىد ئالىملىرى، مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ئىجتىھادىنىڭ دەلىل بىلەن يېڭى ئۆگەنگەن سەھىھ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنى ۋە قايسى سەدىسنىڭ كىيىن مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە ھەتتا نۇرغۇن شەرتلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قايسىسىنى تاللاش كىرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ. مۇجتەھىد ئىمام، بىر ماسىلىگە دەلىل بولىدىغان ھەدىس-شەرىفنىڭ ئۆزىگە تېخى كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قىياس قىلىش ئارقىلى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئوقۇغۇچىلىرى بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىس-شەرىف ئۆگىنىش ئارقىلىق باشقا بىر خىل ھۆكۈم چىقاردى. ئەمما ئوقۇغۇچىلىرى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەزھەپ ئىمامىنىڭ قائىدىللىرىدىن چىققان ھىساپلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇجتەھىد مۇپتىللىرىمۇ، مۇشۇنداق پەتىۋا بەرگەن. بۇ يازمىلاردىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، تۆت مەزھەپ ئىماملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرىدە يېتىشىپ چىققان مۇجتەھىدلەرنى دورىغان مۇسۇلمانلار ئاللاھۇ تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنىدۇ. بۇ مۇجتەھىدلەر قۇرئان كەرىمدىن ۋە ھەدىس-شەرىفتىن باشقىلارنىڭ چۈشىنەلمەيدىغان ھۆكۈملەرنى چۈشىنەلەيدۇ، چۈشەنگەنلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارنىڭ كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئاڭلاپ چۈشەنگەنلىرىنى دورىدى. چۈنكى ناھىل سۈرىسىنىڭ 43-ئايىتىدە، (بىلمىسىڭىز بىلىدىغانلاردىن سوراڭ!) دېيىلگەن.

بۇ ئايات كەرىمدە، ھەممە كىشىنىڭ كىتاپنى ۋە سۈننەتنى توغرا چۈشىنەلمەيدىغانلىقى، چۈشىنەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. چۈشىنەلمىگەنلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدىن ۋە ھەدىس-شەرىفتىن ئوقۇپ چۈشىنىشكە تىرىشىشى ئەمەس، بەلكى چۈشەنگەنلەردىن سوراشقا ۋە ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان. ئەگەر ھەممەيلەن قۇرئان كەرىمنى ۋە ھەدىس-شەرىفنى توغرا ئوقۇپ چۈشىنەلىگەن بولسا، 72 بۇزمىلانغان پىرقە ئوتتۇرغا چىقمىغان بولاتتى. بۇ پىرقىلەرنى ئوتتۇرغا چىقارغۇچىلارنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر بىلىملىك كىشىلەر ئىدى. ئەمما ھېچقايسىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە ھەدىس-شەرىفنىڭ مەنىسىنى توغرا ئوقۇپ چۈشىنەلمىدى. خاتا ئوقۇپ چۈشىنىش بىلەن توغرا يولدىن ئايرىلدى. مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاپەتكە دۇچار بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خاتا مەنىلەرنى چىقىرىشتا بەزىللىرى شۇنچىلىك ئاشقۇنلۇق قىلدىكى، توغرا يولدىكى مۇسۇلمانلارغا كاپىر، مۇشرىك دېدى. تۈرۈكچىگە تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق مەملىكىتىمىز تەۋەسىدە يېيىلغان (كەشفۇش شۈبھۆخات) ناملىق ۋاھابى كىتابىدا، ئەھلى سۈننەت ئىتىقادىدىكى مۇسۇلماننىي ئۆلتۈرۈش ۋە مال-مۈلكىنى بۇلاشنى دۇرۇس دېگەن.

ئاللاھۇ تائالا مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ئىجتىھاد قىلىشلىرىنى ۋە مەزھەپلىرنى قۇرۇپ چىقىشىنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەزھەپلەرگە يىغىلىشىنى، پەقەتلا سۆيۈملۈك پەيغەمبەرنىڭ ''سەللاللاھۇ تائالا ئەلەيھى ۋەسسەللەم'' ئۇممەتلىرىگە ئېھسان قىلغان. جانابى ھەق بىر تەرەپتىن ئىتىقاد ئىماملىرىنى يارىتىش ئارقىلىق، بۇزۇقلارنىڭ، زىندىقلارنىڭ، ئىمانسىزلارنىڭ ۋە ئىنسان شەيتانلىرىنىڭ ئىتىقاد ۋە ئىمان بىلىملىرىنى بۇزۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەزھەپ ئىماملىرىنى يارىتىش ئارقىلىق دىننى چىرىكلىكتىن قوغدىدى. خىرىستىيان ۋە يەھۇدىلىكتە بۇنىڭغا ئوخشاش نىممەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دىنى بۇزۇلغان ئۇيۇنچاققا ئوخشاپ قالدى.

رەسۇلۇللاھ ''سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم'' ئۆتۈپ بولۇپ 400 يىلدىن كېيىن، ئىجتىھادلىق، چوڭقۇر بىلىملىك ئالىملانىڭ قالمىغانلىقىنى ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك بىلدۈردى. ھازىر ئىجتىھاد قىلىش كىرەك دېگۈچىلەرنى روھىي كىسەل ياكى دىنى

نادان دەپ قارىلىدۇ. بۇيۇك ئالىم جەلالەددىنى سۇيۇتىنىڭ ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“[20] ئىجتىھاد دەرىجىسىگە يۇكسەلگەنلىكى ئىيتىلغان. زاماندىش ئالىملەر ئۇنىڭغا بىر سۇئال سوراپ، ئىككى خىل جاۋاپ ئالغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ تېخىمۇ كۇچلۇك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ جاۋاپ بېرەلمىدى. قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشىنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشكە ۋاقىت چىقىرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھالبۇكى ئۇنىڭدىن سورالغىنى پەتىۋا بېرىش ئىدى. بۇ ئىجتىھادىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر. ئىمام سۇيۇتىغا ئوخشاش چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بىر ئالىم پەتىۋا بېرىشتىن قېچىشى بىلەن، مۇسۇلمانلارنى ئىجتىھاد قىلىشقا ئۇندىگەنلەرگە سالاڭ ياكى نادان دىيىلمەي نىمە دىيىلسە بولاتتى؟ ئىمام گازالى ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“[21] ياشىغان زامانلىرىدا مۇجتەھىدنىڭ يوقلىقىنى (ئىخيائۇل ئۇلۇم) ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان.

مۇجتەھىد ئەمەس بىر مۇسۇلمان بىر سەھىھ ھەدىسنى ئۆگىنىپ، مەزھىپىدىكى ئىمامنىڭ ھەدىسكە ماس كەلمەيدىغان ھۆكۇملىرىنى ئىجرا قىلىش ئۇنىڭغا تەس كەلسە، بۇ مۇسۇلماننىڭ، تۆت مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا بۇ ھەدىسكە مۇناسىپ بولغان مۇجتەھىدنى تېپىپ چىقىشى ۋە بۇ ئىشنى ئۇنىڭ مەزھىپىگە ئاساسەن قىلىشى كىرەك. بۇيۇك ئالىم ئىمامى نەۋەۋى ”رەدىيەللاھۇ تەئەلا“[22] (رەۋداتۇت تالىبىن) ناملىق كىتابىدا بۇنى ئۇزۇن قىلىپ بايان قىلغان. چۈنكى ئىجتىھاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنلەر، كىتاپتىن ۋە سۈننەتتىن ھۆكۈم چىقىرىشى جائىز ئەمەس. ھازىر بەزى نادانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇتلەق ئىجتىھاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، كىتاپ ۋە سۈننەتتىن ھۆكۈم چىقىرالايدىغانلىقىنى، تۆت مەزھەپنىڭ بىرسىنى دوراشنىڭ ھىچبىر ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يىللار بويىچە تەقلىد قىلىپ كېلىۋاتقان مەزھىپىدىن ۋاز كېچىدۇ. بۇرمىلانغان چۈشەنچىللىرى بىلەن مەزھەپلەرگە رەدىيە بېرىدۇ. بىزدەك دىنى ئۆلىمالارنىڭ پىكىرلىرىگە قوشۇلمايمىز دەپ نادان ۋە ئەخمەقلەرچە گەپلەرنى قىلىدۇ. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ۋە نەپسىنىڭ ئېزىقتۇرىشى بىلەن ئۇستۇنلۇكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق سۆزلەر بىلەن ئۇستۇنلۇكنى ئەمەس، بەلكى ئەخمەقلىقىنى ۋە ناچارلىقىنى نامايەن قىلغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممە كىشى تەپسىر ئوقىشى كىرەك، تەپسىردىن ۋە بۇخارىدىن ھۆكۈم چىقىرىشى كىرەك دىگەن ۋە يازغان نادانلارنى ۋە بۇزۇقلارنى كۆرىمىز.

---

20 سۇيۇتى ئابدۇراخمان، 911 [1505] يىلىدا مىسىردا ۋاپات بولغان.
21 ئىمام مۇھەممەد گازالى، 505 [1111] يىلىدا تۇس شەھرىدە ۋاپات بولغان.
22 يەھيا نەۋەۋى، 676 [1277] شامدا ۋاپات بولغان.

بۇنىڭغا ئالدانماڭ، مۇسۇلمان قېرىندىشىم! بۇنىڭغا ئوخشاش ئەخمەقلەر بىلەن دوست بولۇشتىن، بۇلارنى دىنى زات دەپ قاراشتىن، ئۇيدۇرۇق كىتابلىرىنى ئوقۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. ئىمامنىڭ مەزھىپىنى مەھكەم تۇتۇڭ! تۆت مەزھەپتىن ئۆمىد قىلغىنىڭىزنى ۋە ياقتۇرغىنىڭىزنى تاللىيالايسىز. ئەمما، مەزھەپلەرنىڭ ئاسانلىقىنى تەكشۈرۈش، يەنى ئەڭ ئاسان مەزھەپنى تاللاپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش جائىز ئەمەس. مەزھەپلەرنىڭ كۆستەرەەن ئەڭ ئاسان ئىشلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ بىر ئىشنى قىلىش ئۇنىڭ ھېچبىر مەزھەپكە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئىشنى قىلغاندا تۆت مەزھەپنىڭ بىرسىگە ئەمەل قىلغاندىن كېيىن، يەنى بۇ ئىش بۇ مەزھەپكە نىسبەتەن دۇرۇس ھېساپلانغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن سىرت باشقا ئۈچ مەزھەپكە نىسبەتەن قوبۇل قىلارلىق بولىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرگە ئىمكانقەدەر بېئۇيغۇن بولسا، بۇنىڭغا (تەقۋا) دېيىلىدىكى، كۆپ ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.

ھەدىس-شەرىفنى ئوقۇپ ياخشى چۈشىنەلەيدىغان بىر مۇسۇلمان، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مەزھىپىنىڭ دەلىللىرى بولغان ھەدىسلەرنى ئۆگىنىشى، ھەدىستە بايان قىلغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، چەكلەنگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، قىممىتىنى، ئالLAھۇ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ئىسىملىرىنىڭ ۋە سۈپەتلىرىنىڭ كامالىتىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ھاياتىنى، پەزىلەتلىرىنى ۋە مۆجىزىللىرىنى، دۇنيانىڭ، ئاخىرەتنىڭ، جەننەتنىڭ، جەھەننەمنىڭ تۇرىقىنى، پەرىشتىللىرىنى، جىنلىرىنى ۋە ئۆتكەن ئۈممەتلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، كىتابلىرىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇستۇنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەلىنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ”رىدۋانۇللاھى تائالا ئەلەيھىم ئەجمائىن“ تۇرقىنى، قىيامەت ئالامەتلىرىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. رەسۇلۇللاھنىڭ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ھەدىس-شەرىفلىرىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پۈتۈن بىلىملىرى توپلانغان.

بۇ يازمىللىرىمىز چۈشىنىلگەندە، مۇجتەھىدلەرنىڭ ھەدىس- شەرىفتىن چىقارغان ھۆكۈملىرىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق دېگۈچلەرنىڭ قانچىلىك نادان ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ھەدىس-شەرىفلەرنىڭ بىزگە بىلدۈرگەن سانىسىزلىغان بىلىملىرى ئىچىدە، ئىبادەت ۋە دۇئالارنى بىلدۈرگەن ھەدىس-شەرىفلەر ناھايىتى ئاز. بەزى ئالىملەرنىڭ دېگىنىگە قارىغاندا 500 ئەتراپىدا بار. [تەكرارلانغانلارنى قوشقاندا، 3000 دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.] بۇ ئازغىنە ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىدا سەھىھ بىر

ھەدىس تۆت مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. سەھىھ ھەدىسلەرنى تۆت مەزھەپ ئىماملىرىدىن ئەڭ ئاز بىرسى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. ئۆز مەزھىپىدىكى بىر ئىشنىڭ سەھىھ بىر ھەدىسكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى كۆرگەن بىر مۇسۇلمان، بۇ ھەدىس- شەرىفكە نىسبەتەن ئىش كۆرگەن باشقا بىر مەزھەپكە ماس كەلگەن ئاساستا بۇ ئىشنى قىلىشى كېرەك. بەلكىم ئۆز مەزھىپىدىكى ئىمام بۇ ھەدىس-شەرىفنى ئاڭلىغان بولىشى مۇمكىن، ئەمما تېخىمۇ سەھىھ بولغان دەپ چۈشەنگەن ياكى بىرىنچىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ باشقا بىر ھەدىس-شەرىف بويىچە ئىش قىلىپ، مۈجتەھىدلەر بىلىدۇ دەپ قاراپ، بۇ ھەدىسنى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىغان. بىر ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى بىلگەن بىر مۇسۇلمان، مەزھىپىنىڭ بۇ ھەدىس-شەرىفكە ئۇيغۇن بولمىغان ھۆكۈملىرىدىن ۋاز كېچىپ، بۇ ھەدىس بويىچە ئىش قىلىشى دۇرۇس بولسىمۇ بۇ كىشىنىڭ بۇ ھەدىستىن ھۆكۈم چىقارغان باشقا بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشى تېخىمۇ ئاقىلانىلىكتۇر. چۈنكى بۇ مەزھەپنىڭ ئىمامى، ئەھكامنىڭ دەلەللىرىدىن ئۇ كىشىنىڭ بىلمەيدىغان نەرسىللىرىنى بىلىش ئارقىلىق، بۇ ھەدىس بويىچە ئىش قىلىشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ توسالغۇ بولالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ مەزھىپى بويىچە قىلىشمۇ جائىزدۇر. چۈنكى مەزھەپ ئىمامىنىڭ بۇنداق دېيىشى ئەلۋەتتە كۈچلۈك دەلىللەرگە تايانغان. بۇ دەلىللەرنى بىلمىگۈچىلەرنى بولسا ئىسلامىيەتتە ئۇلار كەچۈرۈۋېتىلگەن. چۈنكى تۆت مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ھەممىسى، ئىجتىھاد بىلەن كىتاپ ۋە سۈننەتتىن ئايرىلمىغان. ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرى كىتاپ ۋە سۈننەتنىڭ ئىزاھى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كىتاپنىڭ ۋە سۈننەتنىڭ مەنىسىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇنى ئۇلارنىڭ چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە چۈشەندۈردى ۋە كىتاپلارغا يازدى. مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ”رەھمەھۇمۇللاھۇ تائالا“ بۇ ئىشلارى، ئىسلام دىنى ئۇچۇن ئېيتقاندا شۇنداق بىر غايەت زور خىزمەت ھېساپلىنىدۇكى، ئاللاھۇ تائالا ئۇلارغا ياردەم قىلمىغان بولسا، بۇ ئىشلارنى قىلىشقا ئىنسانىنىڭ كۈچى قادىر ئەمەستى. بۇ مەزھەپلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ بىر ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئەڭ كۈچلۈك دەلىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

دىنىي ئىماملىرىمىزنىڭ ئىجتىھاتلىرىدا بىر-بىرىدىن ئايرىلىشى، پەقەتلا فۇرىددىن، يەنى فىقھى ئىشلىرىدا بولىدۇ. دىندا، يەنى ئىتىقاد ۋە ئىمان بىلىملىرىدە ھېچ ئايرىلىشلار

بولمايدۇ. دىندا تونۇلغان ۋە ئىسپاتلانغان ھەدىس بىلىملىرىدىمۇ ئايرىلىشلار يوق. ئۇلار فۇرىددىن بىلىملىرىدا ئاساسىدا ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىسپاتلاش كۈچىنى چۈشىنىشتىكى ئوخشىماسلىقى بۇنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ كىچىككىنە ئايرىلىشلار، بۇ ئۈممەت ئۈچۈن بىر نېممەتتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇ قىلغان، ئۇلارغا ئاسان تۇيۇلغان مەزھەپكە كىرىشى جائىزدۇر. رەسۇلۇللاھ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ بۇ ئايرىلىشنى خۇش خەۋەر دەپ بىلدۈرگەن ۋە ئۇ خەۋەر قىلغاندەك بولغان.

قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس-شەرىفتە ئېنىق قىلىپ بىلدۈرگەن ئىتىقاد بىلىملىرىدە، يەنى ئىشىنىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەردە ۋە فىقىھ بىلىملىرىدە ئىجتىھادچانلىق قىلىش جائىز ئەمەس. بۇ دالالەت ۋە بۇزغۇنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چوڭ گۇناھ ھېساپلىنىدۇ. ئىتىقاد بىلىملىرىدە توغرا بولغان پەقەت بىرلا يول بار. ئۇ بولسىمۇ _(ئەھلى سۈننەت ۋەل جامائەت) مەزھىپىدۇر. ھەدىس-شەرىفتە نېممەت دەپ قارالغان ئايرىلىش، يەنى ئەھكامدا بار بولغان ئايرىلىشتۇر.

تۆت مەزھەپنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئايرىغان بىر مەسىلىدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرسىنىڭ ھۆكۈمى توغرا. بۇ توغرا ھۆكۈمنى تەقلىد قىلغانلارغا ئىككى ساۋاپ، توغرا بولمىغان ھۆكۈملەرنى تەقلىد قىلغانلارغا بىر ساۋاپ بار. مەزھەپلەرنىڭ رەھىم-شەپقەتلىك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بىر مەزھەپتىن ۋاز كېچىپ باشقا مەزھەپنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەقلىد قىلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، تۆت مەزھەپتىن باشقا ئەھلى سۈننەتتىن بولغان باشقا مەزھەپلەرنى ۋە ھەتتا ساھابىلەرنى دوراش جائىز ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرى كىتاپتا يېزىلمىغان، ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن. شۇڭلاشقا تۆت مەزھەپتىن باشقا مەزھەپنى تەقلىد قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. ساھابىلەرنى دوراشنىڭ جائىز ئەمەسلىكى، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك سۆز بىرلىكى بىلەن بىلدۈرۈلگەن، ئىمام ئەبۇبەكرى رازىمۇ ”رەھىمەھۇللاھۇ تەئالا“[23] بۇ ھەقتە ئۇچۇر بەرگەن. مەزھەپلەرنىڭ، مۇجتەھىدلەرنىڭ ۋە تۆت مەزھەپ ئىمامىنىڭ ئۇستۇنلىكىنى، مەزھەپلەرنىڭ كىتاپ ۋە سۈننەتتىن ئايرىلمىغانلىقىنى، بىردەكلىك بىلەن ۋە قىياس قىلىش بىلەن بىلدۈرگەن ھۆكۈملىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ پىكرى بولماستىن، بەلكى كىتاپتىن ۋە سۈننەتتىن ئۆزۈندە ئالغانلىقىنى، ياخشى ئوقۇپ چۈشىنىشنى خالايدىغانلارغا ئىمام ئابدۇلۋاھابى شارانىنىڭ ”رەھىمەھۇللاھۇ تائالا“ (مىزانۇل كۇبرا) ۋە (مىزانۇل ھىدرىيە) ناملىق كىتاپلىرىنى ئوقۇشنى

23 ئەبۇ بەكرى ئەخمەت رازى، 370 [980] يىلىدا ۋاپات بولغان.

تەۋسىيە قىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەپچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بارلىق نەشىر بۇيۇملىرىمىزغا ئوخشاش، بۇنىڭدىمۇ باشقا كىتاپلاردىن ئالغان قۇشۇمچە ئۇچۇرلار تىرناق ئىچىدە كۆرسىتىلدى ۋە بۇ قوشۇمچە ئۇچۇرلارنىڭ كىتاپ يازمىللىرى بىلەن ئارلاشتۇرۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. (ھۇججەتۇللاھى ئالەلئالەمىن) كىتابىدا يۇقىردىكى يازمىلارنىڭ ئەرەپچە ئەسلى نۇسخىسى 1394 [1974] يىلىدا، ofset يولى ئارقىلىق ئىستانبۇلدا بېسىپ چىقىرىلدى.

(قۇرئان كەرىمدە دىن ئۆلىمالىرى) دىيىلمەيدۇ دىگەن بۇ جۈملە دۇرۇس ئەمەس. تۆرلۈك ئايەت كەرىملەردە، ئۆلىمالارنى ۋە بىلىمنى مەدھىيلىگەن. ئابدۇلغېنى نەبلۇسى ھەزرەتلىرى (ھادىكا) ناملىق كىتابىدا مۇنداق دىگەن:

ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ 7-ئايىتىدە، (بىلمىگەنلىرىڭىزنى زىكىر قىلغۇچىلاردىن سوراڭ!) دىگەن. زىكىر، ئىلىم دىگەنلىكتۇر. بۇ ئايەت كەرىمدە بىلمىگۈچىلەرنىڭ ئالىملاردىن سوراپ ئۆگىنىش كىرەكلىكىنى دىگەن. ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 7-ئايىتىدە، (مەنىسى ئېنىق بولمىغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئىلىم ئەھلى بىلىدۇ) ۋە 18- ئايىتىدە (ئاللاھۇ تائالا مەۋجۇتتۇر ۋە بىردۇر، ئىلىم ئەھلى بۇنى بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ) ۋە كاساس سۈرىسىنىڭ 81-ئايىتىدە، (ئىلىم ئەھلى ئۇلارغا، سىزگە بىچارە دىدى. ئىمان ئېيتىپ تۇرۇپ، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ئاللاھۇ تائالانىڭ بېرىدىغان ساۋاپلاردىن، دۇنيانىڭ نىممەتلىرى تېخىمۇ ياخشى دىدىڭلار!) ۋە رۇم سۈرىسىنىڭ 56-ئايىتىدە، (ئىلىم ۋە ئىمان ئەھلى، دۇنيادا ياشاۋىتىپ ئىنكار قىلغان قىيامەت كۈنى دەل شۇ كۈندۇر دەيدۇ) ۋە ئىسرا سۈرىسىنىڭ 108-ئايىتىدە، (ئىلىم ئەھلى، قۇرئان كەرىمنى ئاڭلىغىنىدا سەجدە قىلىدۇ ۋە ساھىبىمىزدا ھىچقانداق بىر قۇسۇر يوق. ئۇ بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرىدۇ دەيدۇ) ۋە ھەج سۈرىسىنىڭ 54-ئايىتىدە، (ئىلىم ئەھل ىقۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ) ۋە ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ 50-ئايىتىدە، (قۇرئان كەرىم، ئىلىم ئەھلىنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئالغان) ۋە سەبە سۈرىسىنىڭ 6-ئايىتىدە، (ئىلىم ئەھلى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھۇ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈردىغانلىقىنى بىلىدۇ9 ۋە مۇجادەلە سۈرىسىنىڭ 11- ئايىتىدە (ئىلىم ئەھلىگە جەننەتتە يۈكسەك دەرىجىلەر بېرىلىدۇ) ۋە فاتىر سۈرىسىنىڭ 27-ئايىتىدە، (ئاللاھۇ تائالادىن ئىلىم ئەھلى قورقىدۇ) ۋە ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ 14-ئايىتىدە، (ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى، ئاللاۇ تائالادىن قوققان كىشىدۇر) دەپ يېزىلغان.

(ھادىكا) كىتابىنىڭ 365-بېتىدىكى ھەدىس-شەرىفتە، (ئاللاھۇ تائالا، پەرىشتىلەر ۋە ھەر تۈرلۈك جانلىقلار، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلغانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ) ۋە (قىيامەن كۈنى، باشتا پەيغەمبەرلەرگە، ئۇنىڭدىن كىيىن ئالىملارغا، ئۇنىڭدىن كىيىن شېھىتلارگە شاپائەت كۈرستىلىدۇ) ۋە (ھەي ئىنسانلار، بىلىشىڭىز كېرەككى، بىلىم ئالىملاردىن ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆگىنىلىدۇ)، (ئىلىم ئۆگىنىڭ! ئىلىم ئۆگىنىش بىر ئىبادەتتۇر. ئىلىم ئۆگەتكەنگە ۋە ئۆگەنگەنگە ئىجتىھاد قىلغانلىق ساۋابى بېرىلىدۇ. ئىلىم ئۆگەتكەنلىك، سەدىقە بەرگەنلىك ھېساپلىنىدۇ. بىر ئالىمدەك بىلىم ئۆگىنىش خۇددى تەھەجۇت نامىزى قىلغانلىق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ) دەپ يېزىلغان. (خۇلاسە) پەتىۋا كىتابىنىڭ يازغۇچىسى تاھىر بۇخارى ''رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا''[24] شۇنداق دەيدۇكى: (فىقىھ كىتابىنى ئوقۇش، كېچىللىرى ناماز ئوقۇشتىن تېخىمۇ ساۋاپلىقتۇر). چۈنكى پەرىزلەرنى، ھارامىلارنى، (ئالىملاردىن ياكى يازغان) كىتاپلىرىدىنئۆگىنىش پەرىزدۇر. ئۆزىنىڭ قىلىشى ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىشى ئۈچۈن، فىقىھ كىتاپلىرىنى ئوقۇش، تەسبىھ نامىزى قىلىشتىن تېخىمۇ ساۋاپلىقتۇر. ھەدىس-شەرىفلەردە، (ئىلىم ئۆگىنىش، بارلىق نەپلە ئىبادەتلەردىن تېخىمۇ ساۋاپلىقتۇر. چۈنكى ئۆزىگىمۇ، ئۆگەتكەن كىشىگىمۇ پايدىسى بار) ۋە (باشقىلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن كىشىگە سىددىقلار ساۋابى بېرىلىدۇ) دەپ يېزىلغان. ئىسلام بىلىملىرى، ئۇستادىن ياكى كىتاپتىن ئۆگىنىلىدۇ. ئىسلام كىتاپلىرىغا ۋە بىر رەھبەرگە لارىم يوق دىگۈچىلەر، يالغانچى، زىندىقلاردۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئالداپ، پالاكەتكە باشلاپ بارىدۇ. دىن كىتاپلىرىدىكى بىلىملەر، قۇرئان كەرىمنى ۋە ھەدىس-شەرىفنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان. (ھادىكا)[25] كىتابى تەرجىمىسى تاماملاندى.

ئاللاھي تائالا، رەسۇلىللاھنىڭ قۇرئان كەرىمنى تەبلىغ قىلىشى ۋە ئۆگىتىشى ئۈچۈن ئەۋەتتى. ساھابىلەر قۇرئان كەرىمدىكى بىلىملەرنى رەسۇلىللاھتىن ئۆگەندى. دىن ئالىملىرىمۇ، ساھابىلەردىن ئۆگەندى. ھەدىس-شەرىفتە (ئىلىم بىر خەزىنىدۇر. بۇنىڭ ئاچقۇچى بولسا، سوراپ ئۆگىنىشتۇر) ۋە (ئىلىم ئۆگىنىڭ ۋە ئۆگىتىڭ!) ۋە (ھەممە نەرسىنىڭ مەنبەسى بار. تەقۋالىقنىڭ مەنبەسى، ئارىپلەرنىڭ قەلبىدۇر) ۋە (ئىلىم ئۆگىتىش ئارقىلىق گۇناھلارنى ئازاتقىلى بولىدۇ) دەپ يېزىلغان.

---

24 تاھىر بۇخارى، 542 [1147] يىلىدا ۋاپات بولغان.

25 ھادىكا كىتابىنىڭ يازغۇچىسى ئابدۇلغېنى نەبلۇسى، 1143 [1731] يىلىدا ۋاپات بولغان.

ئىمام رەببانى ”رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ“ (مەكتۇبات) ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى تومى 193- ماكتۇپىدا شۇنداق دەيدۇكى:

(مۇكەشّەف) بىرسىنىڭ، يەنى ئەقلى بار ۋە بالاغەتكە يەتكەن بىرسىنىڭ ئالدى بىلەن ئىمانىنى ۋە ئىتىقادىنى توغرىلىشى كىرەك. يەنى ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ يازغان ئىسلامنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇلارغا ئىشىنىشى كىرەك. ئاللاھۇ تائالا بۇ بۈيۈك ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپ ساۋاپ بەرسۇن! ئامىن. قىيامەت كۈنى جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەنلىرىگە ئىشىنىش كىرەك. جەھەننەمدىن قۇتۇلۇپ چىقىدىغانلار بولسا ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغانلاردۇر. [ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغۇچىلارغا (سۈننى) دىيىلىدۇ]. رەسۇلىللاھنىڭ ”سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ ۋە ساھابىلەرنىڭ ”رىدۋانۇللاھى ئەلەيھىم ئەجمائىن“ يولىدا ماڭغۇچىلار، پەقەتلا بۇلاردۇر. كىتاپتىن، يەنى قۇرئان كەرىمدىن ۋە سۈننەتتىن يەنى ھەدىس-شەرىفتىن چىقىرىلغان بىلىملەر ئىچىدە، قىممەتلىك ۋە توغرا بولغانى پەقەتلا بۇ بۈيۈك ئالىملەرنىڭ كىتاپتىن ۋە سۈننەتتىن ئوقۇپ چۈشەنگەن بىلىملىرىدۇر. چۈنكى ھەربىر بىدئەت ئەھلى يەنى ھەبىر يېڭىلىق ئەكەلگۈچى ۋە ھەربىر (بۇزۇق)، مەزھەپسىز بىرسى بۇرمۇلانغان چۈشەنچىللىرىنى تار مەنىدىكى قىممەت قاراشلىرى بىلەن كىتاپتىن ۋە سۈننەتتىن ئوقۇپ چۈشەنگەنلىكىن ئېيتىدۇ. ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنى يامان كۆرسىتىشكە، پەسلەشتۈرۈشكە ئۇرىنىدۇ. دېمەك، كىتاپتىن ۋە سۈننەتىن چىقارغانلىقىنى بىلدۈردىغان ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملىنى توغرا دەپ قارىماسلىق، ئۇلارنىڭ يالغان تاشۋىقاتلىرىغا ئىشەنمەسلىك كىرەك.

ئەھلى سۈننەت ۋەل جامائەت ئۆلىمالىرىنىڭ بىلدۈرگەن توغرا ئىتىقادنى ئىزاھلاش ئۈچۈن، بۈيۈك ئالىم تەرپۈشتى ھەزرەتلىرىنىڭ پارسچە (ئەلمۇتەممەت) كىتابى بەكمۇ قىممەتلىكتۇر ۋە كىتابىدا ھەممە نەرسە ئېنىق بايان قىلىنغان. ئاسان ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولىدۇ. [(ھەقىقەت نەشرىياتى)، 1410 [1989] يىلىدا نەشىر قىلغان. فەدلۇللاھ بىن ھەسەن تەرپۈشتى، ھەنەفى فىقىھ ئۆلىمالىرىدىن بولىدۇ. 661 [1263] يىلىدا ۋاپات بولغان.]

ئىسلامنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىنى يەنى ئىشىنىشكە كېرەكلىك بىلىملەرنى توغرىلىغاندىن كيىن، (ھالال)، (ھارام)، (پەرىز)، (ۋاجىپ)، (سۈننەت)، (ساۋاپلىق ئەمەللەر)، (مەھرۇھ) بولغان نەرسىلەرنى، ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ

يازغان فىقھە كىتاپلىرىدىن ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش كېرەك. بۇ ئۆلىمالارنىڭ ئۇستۇنلىكىنى بىلمەيدىغان نادانلارنىڭ بۇزۇق كىتاپلىرىنى ئوقۇماسلىق كېرەك. ئاللھا بىزنى گۇناھلاردىن ساقلىسۇن! ئېتىقاد قىلىشقا كېرەكلىك نەرسىلەردە ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە ماس كەلمەيدىغان چۈشەنچىللىرى بولغان مۇسۇلمانلار، ئاخىرەتتە دوزاق ئوتىغا دۇچار بولىدۇ. ئىمانى بار بىرسى ئېتىقادىدىن ئازىراق بوشاشسا، تۆبە قىلمىسىمۇ، ئۇ كىشى كەچۈرىلىشى مۇمكىن. ئۇ كىشى كەچۈرىلمىسىمۇ، ئازاپ تاتقاندىن كىيىن، جەھەننەمدىن قۇتۇلىدۇ. ئىشىنىڭ بېشى بولسا، ئېتىقادىنى توغرىلاشتۇر. ھاجە ئۇبەيدۇللاھى ئاخرار "كاددەساللاھۇ تائالا سىرەھۇل ئەزىز[26] مۇنداق دىگەن: بارلىق بايقاش قابىلىيىتى ۋە كارامەتلەرنى ماڭا بەرسە، ئەمما، ئەھلى سۈننەت ۋەل جامائەت ئېتىقادىنى ماڭا بەرمىسە، مەن ئۆزەمنى تۈگەشتىم دەپ ئويلايمەن. مىنىڭ بايقاش قابىلىيىتىم ۋە كارامەتلىرىم بولمىسا ۋە قىلغان قاباھەتلىرىم كۆپ بولسا، پەقەت ماڭا ئەھلى سۈننەت ۋەل جامائەت ئېتىقادىنى ئاتا قىلسا، ھەرگىزمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ).

بۈگۈن ھىندىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ ھىچبىر يۆلەنچۈكى قالمىدى. دىن دۈشمەنلىرى ھەر تەرەپتىن ھوجۇم قىلىۋاتىدۇ. بۈگۈن ئىسلامغا خىزمەت قىلىش سۈپىتىدە بىر لىرا بېرىش، باشقا ۋاقىتتا بېرىلگەن مىڭ لىرادىن تېخىمۇ ساۋاپلىقتۇر. ئىسلام ئۈچۈن قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىزمەت ئەھلى سۈننەت كىتاپلىرىنى، ئېتىقاد ۋە ئىسلام كىتاپلىرىنى ئېلىپ، كەنىتلەرگە ۋە ياشلارغا تارقىتىشتۇر. قايسى بەختىيار كىشىگە بۇ خىزمەتنى قىلىش نىسىپ بولسا، خوشال بولىشى كېرەك. شۈكرى قىلىشى كېرەك. ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا ساۋاپ ئېلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئەمما، ئىسلامنىڭ ئاجىز، يالغان، تۆھمەت ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلىقنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە، ئەھلى سۈننەت ئېتىقادىنى تارقىتىشقا تىرىشىش تېخىمۇ ساۋاپلىقتۇر. رەسۇلىللاھ "سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم"، ساھابىلەرگە شۇنداق دەيدۇكى، (سىز شۇنداق بىر زاماندا تۇغۇلدىڭىزكى، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئەمىرلىرىگە ۋە چەكلىمەن ئىشلىرىنى قىلىشتا ئوندىن توققۇزىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئوندىن بىرسىنى بەجا كەلتۈرمىسىڭىز، ھالاك بولىسىز. ئازاپ تارتىسىز! سىزدىن كىيىن شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، ئۇ ۋاقىتتا بۇيرىق ۋە چەكلەنگەن ئىشلىرنىڭ پەقەت ئوندىن بىرسىنى بەجا كەلتۈرگەنلەر قۇتۇلۇپ قالىدۇ). [مىشكاتۇل مەسابىھ] بىرىنچى توم

26 ئۇبەيدۇللاھى ئاخرار، 895 [1490] سەمەرقەندتە ۋاپاتب بولغان.

-179بېتىدە ۋە تىرمىزى، كىتابۇل فىتەندىكى -79تەرتىپىدە مەۋجۇتتۇر.] بۇ ھەدىس-شەرىفتە بايان قىلىنغان ۋاقىت، دەل ھازىرقى ۋاقىتتۇر. كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىش، مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغانلارنى بىلىش ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرمەسلىك كېرەك. [كۈچ ۋاستىسى بىلەن قىلىنغان جىھاتنى ھۆكۈمەت قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئارمىيەسى قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق جىھادنى قىلىشى، ئەسكەر بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن خىزمەتلىرىنى قىلىش بىلەن بولىدۇ. جىھادى كالۋىنىڭ، جىھادى كاتلىدىن يەنى سۆز ۋە يېزىق يولى بىلەن قىلىنغان جىھادنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت ئىشلىتىپ قىلىنغان جىھادتىن تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكى -65مەكتۇپتا يېزىلغان.] ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ كىتاپلىرىنى، سۆزلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن كارامەت ئىگىسى بولىشى ياكى ئالىم بولىشى شەرت ئەمەس. ھەربىر مۇسۇلمان بۇنى قىلىشقا تىرىشىشى كىرەك. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى كىرەك. قىيامەت كۈنى ھەربىر مۇسۇلماندىن ئىسلامغا نىمىشقا خىزمەت قىلمىدىڭ دىگەن سوئال سورىلىدۇ. ئىلمىھال كىتاپلىرىنى تارقىتىشقا تىرىشمىغانلار، دىن بىلىملىرىنى تارقاتقان ئوگانلىرا، ھېچكىمى يوقلارغا ياردەم قىلمىغانلار ۆكپ ئازاپ تارتىدۇ. كەچۈرۈم سوراشلىرى ۋە باھانىللىرى قۇبۇل قىلىنمايدۇ. پەيغەمبەرلەر ”ئەلەيھى مۇسەﷲم“، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنلىرى ۋە ئەڭ قىمماتلىكى تۇرۇپ، ئەزەلدىن راھەت تۇرمۇش كۆرۈپ باقمىدى. ئاللاھۇ تائالانىڭ دىنىنى، سائەتكە ئېرىشى يولىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كېچىمۇ-كۈندۈز كۈرەش قىلدى. مۆجىزە كۆرۈشنى خالايدىغانلارغا (مۆجىزىنى ئاللاھۇ تائالا يارىتىدۇ. مېنىڭ ۋەزىپەم، ئاللاھۇ تائالانىڭ دىنىنى تارقىتىش) دەپ دىگەن. بۇ يولدا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندا، ئاللاھۇ تائالا ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ ۋە مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ. بىزنىڭمۇ ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ”رەھىمە ھۇمۇللاھۇ تائالا“ كىتاپلىرىنى ۋە سۆزلىرىنى تارقىتىشىمىز، كاپىرلەرنىڭ، دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان تۆھمەتلىرىنى، زۇلۇپ قىلغۇچىلارنىڭ ناچار، پەسكەش، يالغانچى ئىكەنلىكىنى دوستلىرىمىزغا ۋە ياشلارغا بىلدۈرشىمىز كېرەك. [بۇلارنى بىلدۈرۈش غەيۋەت قىلىش ھىساپلانمايدۇ. ياخشىلىققا يېتەكلەش، يامانلىقتىن توسۇش ھىساپلىنىدۇ.] بۇ يولدا مېلى، كۈچى، كەسپى بىلەن ئىشلىمەسەنلەر ئازاپتىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ يولدا خىزمەت قىلغاندا، قايغۇ ۋە ئازاپلارنى چوڭ بىر نىممەت دەپ بىلىش كېرەك. پەيغەمبەرلەر ”ئەلەيھى مۇسەﷲۋات“، ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى بايان قىلغاندا، نادانلارنىڭ، نومۇسسىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا

ئۇچىرغان. نۇرغۇنلىغان ئاۋارىھىلىقلارغا يولۇققان. ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىلىك، تاللانغان، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەيغەمبىرى ”سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ (مېنىڭ تاتقان ئازاپلىرىمغا ئوخشاش ھىچقانداق بىر پەيغەمبەر ئازاپ تارتىپ باقمىدى) دىگەن. (مەكتۇباتتىن) تەرجىمە تاماملاندى.

[ھەر مۇسۇلماننىڭ ئەھلى سۈننەت ئىتىقادىنى ئۆگىنىشى ۋە گېپىنى ئاڭلىغانلارغا ئۆگىتىشى كېرەك. ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرىنى بىلدۈرىدىغان كىتاپ ۋە گېزىتلارنى تېپىپ، سېتىۋالغاندىن كيىن ئۇلارنى ياشلارغا ۋە تونۇشلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھەقىقي يۈزىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كىتاپلارنىمۇ تاقىتىشى كېرەك].

يەر يۈزىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى، ئۆزگەرتمەي ۋە بوزماي تۇرۇپ ئۆگىنىشىمىزگە تۈرتكە بولغان (ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى)، تۆت مەزھەپنىڭ ئىجتىھاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئالىملاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۈيۈك بولغان تۆت ئۇلۇغ زاتنىڭ بىرىنچىسى، ئىمامى ئازام ئەبۇ ھەنىفە نۇمان بىن سابىتتۇر ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“. ئۇ ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىرى ھىساپلىنىدۇ. ئۇ ئەھلى سۈننەتنىڭ رەئىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەققىدىكى بايانلار (سائادەتى ئەبەدىيە) ۋە (پايدىلىق بىلىملەر) كىتاپلىرىدا ئۇزۇن-ئۇزۇن بايان قىلىندى. ھىجرەتنىڭ 80-يىلىدا، كۇفەدە تۇغۇلدى، 150 [767] يىلىدا باغداتتا شېھىت بولدى.

ئىككىنچىسى، ئىمام مالىك بىن ئەنەس ”رەھىمە ھۇللاھۇ تەئالا“، ئۇ ناھايىتى ئۇلۇغ بىر ئالىم. ھىجرەتنىڭ 90-يىلى امەدىنىدە تۇغۇلۇپ، 179 [795] يىلىدا مەدىنىدە ۋاپات بولدى ۋە 89ن يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ئىبنى ئابىدىدە يېزىلىق. ئۇنىڭ بوۋىسى، مالىك بىن ئەبى ئامىردۇر.

ئۈچىنچىسى، ئىمام مۇھەممەت بىن ئىدرىس شافى ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“ بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆز قارچىقىدۇر. 150 يىلىدا پەلەستىننىڭ گاززە شەھرىدە تۇغۇلۇپ، 204 [820] يىلىدا مىسىردا ۋاپات بولدى.

تۆتىنچىسى، ئىمامى ئەھمەت بىن ھانبەل ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“ بولۇپ، 164

يىلىدا باغداتتا تۇغۇلۇپ، 241 [855 .□] يىلىدا مۇشۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئىسلام قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسلىق تۈرۈكى ”رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىم ئەجمائىن“ ھىساپلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تۆت ئىمامدىن بىرسىگە ئەگەشمىگەن بىرسى، ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدا قالىدۇ. ئۇ توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇلارنىڭمۇ توغرا مەزھەپلىرى بار ئىدى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرى ئۇنتۇلۇپ قالدى. كىتاپلارغا يېزىلمىدى. مەسىلەن، (فۇكاھاھى سەبا) دەپ ئاتىلىدىغان، مەدىنىدىكى يەتتە بۈيۈك ئالىمنىڭ بىرى ۋە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز، سۇفيان بىن ئۇيەينە[27] ئىسھاق بىن راھەۋەيھ، داۋۇت تائى، ئامىر بىن شەراھىلى شابى، لەيس بىن ساد، ئامەش، مۇھەممەد بىن جەرىر تابەرى، سۇفيانى سەۋرى[28] ۋە ئابدۇراھمەن ئەۋزائى ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“ قاتارلىقلار بار.

ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ”رەدىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇم ئەجمائىن“، ھىدايەت يۇلتۇزلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەربىرى پۈتۈن دۇنيانى ھەقىقەت يولىغا باشلاشقا يېتەرلىك ئىدى. ئۇلار مۈجتەھىد ئىدى. ھەممىسى ئۆز مەزھىپىدە ئىدى. كۆپىنچىسىنىڭ مەزھەپلىرى بىر-بىرىگە ئوخشايتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرى بىر يەرگە توپلانمىغاچقا ۋە كىتاپقا يېزىلمىغاچقا، ئۇلارغا ئەگىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. تۆت ئىمامنىڭ مەزھەپلىرىنى يەنى ئىشىنىش كېرەك بولغان ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە نېمىلەرنى دىگەنلىكىنى، ئۆزى ۋە ئوقۇغۇچىللىرى توپلاپلىدى ۋە چۈشەندۈردى. كىتاپلارغا يېزىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەربىر مۇسۇلمان ئىسمى تىلغا ئېلىنغان تۆت ئىمامنىڭ بىرسىنىڭ مەزھىۋىدە بولىشى، بۇ مەزھەپنىڭ ئەقىدىللىرى بويىچە ياشىشى ۋە ئىبادەت قىلىشى كېرەك. [بۇ تۆت مەزھەپتىن بىرسىگە ئەگەشىشنى خالىمىغان كىشى، (ئەھلى سۈننەت) ھىساپلانمايدۇ. مۇقەددىمە قىسمىدىكى ئىككىنچى بەتكە قاراڭ!]

بۇ تۆت ئىمامنىڭ ئوقۇغۇچىللىرىدىن ئىككىسى، ئىمان بىلىملىرىنى تارقىتىشتا ئىنتايىن ماھىر. شۇنداق قىلىپ، ئىتتىفاقتا، ئىماندا مەزھەپ ئىككىگە ئايرىلدى. قۇرئان كەرىمگە ۋە ھەدىس-شەرىفكە ماس بولغان ئىمان، پەقەتلا بۇ ئىككىسى بىلدۈرگەن ئىماندۇر. فىركائى نەجىيە بولغان ئەھلى سۈننەتنىڭ ئىمان بىلىملىرىنى يەر يۈزىگە تارقاتقۇچى بۇ ئىككى كىشىدۇر. بىرى، ئەبۇ ھەسەن ئەشئارىي ”رەھىمە ھۇللاھۇ

27 سۇفيان بىن ئۇيەينە، 198 [813] يىلىدا مەككىدە ۋاپات بولغان.
28 سۇفيانى سەۋرى، 161 [778] يىلىدا باسرادا ۋاپات بولغان.

تائالا“ بولۇپ، ھىجرەتنىڭ 266 يىلىدا باسرادا تۇغۇلۇپ، 330 [941] يىلىدا باغداتتا ۋاپات بولغان. ئىككىنچىسى، ئەبۇ مانسۇرى ماتۇرىدى ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“ بولۇپ، 333 [ 944] يىلىدا سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان. ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئېتىقاتتا، بۇ ئىككى بۈيۈك ئىمامنىڭ بىرسىگە ئەگىشىشى كېرەك.

ئەۋلىيانىڭ يولى ھەقتۇر. ئىسلامىيەتتىن قىلچىلىكمۇ ئايرىلغىنى يوق. [دىنىنى، دۇنيا نىممەتلىرىگە ۋەسىلە قىلغۇچى، مال-مۈلۈك ياكى ھوقۇقنى ئېرىشىش ئۈچۈن، ۋەسيى، مۇرىت ۋە دىنى زات سۈپىتىدە ئوتتۇرغا چىققان يالغانچىلار ۋە بۇزۇقلار ھەر ئەسىردە بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەربىر كەسىپتە، ھەر ساھەدە ۋە ۋەزىپىدە ناچار كىشىلەر مەۋجۇت. ئۇتۇقلارغا ۋە ھۇزۇرغا باشقىلارغا زىيان بېرىش ئارقىلىق ئېرىشىش، ئۇلارنىڭ قاتناشقان ۋەزىپە ۋە خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قارلاش، ناھەق ۋە نادانلىق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇزغۇنچىلارغا ياردەم قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇزۇق دىنى زاتلارنى نادان ۋە ساختا تەرىقەتچىلەرنى بىلىپ يېتىش ئارقىلىق، ئىسلام ئۆلىمالىرىغا، تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە ۋە ئۆز ۋاقتىدا قىلغان شەرەپلىك خىزمەتلىرى قەلەمگە ئېلىنغان بۈيۈك زاتلارغا تىل تەككۈزمەسلىك كېرەك. ئۇلارغا تىل تەككۈزگەنلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكنى چۈشىنىپ يېتىش كېرەك.] ئەۋلىيانىڭ كارامەتلىرى بار. ھەممىسى راست ۋە توغرىدۇر. ئىمام يافىي[29] مۇنداق دىگەن، (گاۋسۈس سەكالەيىن مەۋلانا ئابدۇلقادىر گەيلانىنىڭ ”كادەسئاللاھۇ تائالا سىررەھۇل ئەزىز“[30] كارامەتلىرى، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، گۇمانلىنىشقا ۋە ئىشەنمەسلىككە بولمايدۇ. چۈنكى ھەممە يەردە تارقالغانلىقتىن، يەنى [تەۋاتۇر] بىرىىچى قول ماتىريال يېرىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ).

ناماز قىلغان بىر كىشىنىڭ، كۆپۈرلۈق بىر نەرسىنى، چوقۇم ئوچۇق-ئاشكارە دىيىش ۋەياكى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۇ كىشىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكى ئوتتۇرغا چىقمىغۇچە، باشقىلارغا ئەگىشىپ، ئۇ كىشىنى كاپىر دىيىش جائىز ئەمەس. ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ ئۆلگەنلىكى ئېنىق بولمىغۇچە، ئۇ كىشىگە لانەت ئوقۇش جائىز ئەمەس. شۇڭلاشقا، يەزىدىگە لانەت ئوقۇماسلىق تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

-5 ئىمان كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئالتە نەرسىنىڭ بەشىنچىسى، (ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشتۇر). بۇ زاماننىڭ باشلىنىشى، ئىنسانىنىڭ ۋاپات بولغان كۈنىدۇر.

29 ئابدۇللاھ يافى، 768 [1367] يىلىدا مەككىدە ۋاپات بولغان.

30 ئابدۇلقادىر گەيلانى، 561 [1161] يىلىدا باغداتتا ۋاپات بولغان.

قىيامەتنىڭ ئاخىرغىچە بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى كۈن دېيىلىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن كېچىنىڭ بولماسلىقى ۋە دۇنيادىن كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ھەدىس-شەرىفتە تىلغا ئېلىنغان بۇ كۈن، بىز بىلىدىغان كېچە بىلەن كۈندۈز ئەمەس. بىر ۋاقىت، بىر زامان دىگەنلىكتۇر. قىيامەتنىڭ قاچان قوپىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، قاچان بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما، پەيغەمبىرىمىز ''سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم'' قىيامەتنىڭ نۇرغۇن ئالامەتلىرىدىن ۋە قانداق باشلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلدى: ھەزرىتى مەھدى كېلىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن شامغا چۈشىدۇ، دەججال چىقىدۇ. يەجۈجى-مەجۈجى دەپ ئاتىلىدىغان نەرسە ھەممە يەرنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدۇ. قۇياش غەربتىن چىقىدۇ. قاتتىق يەر تەۋرەشلەر بولىدۇ. دىن بىلىملىرى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ھەق يولدىن ئايرىلىش ۋە يامانلىقلار كۆپىيىدۇ. دىنسىز، ئەخلاقسىز ۋە نۇمۇسسىزلار ھاكىم بولىدۇ، ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرى ئىجرا قىلىنمايدۇ. ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ھەممە يەردە ئىجرا قىلىنىدۇ، يەمەندىن بىر يالقۇن چىقىدۇ. ئاسمەن ۋە تاغلار ۋەيران بولىدۇ. قۇياش بىلەن ئاي قاراڭغۇلىشىدۇ. دېڭىزلار بىر-بىرسى بىلەن ئارلىشىپ كىتىدۇ ۋە قايناپ قۇرۇپ كېتىدۇ.

گۇناھ سادىر قىلغان مۇسۇلمانلارغا (پاسىق) دېيىلىدۇ. پاسىقلار ۋە بارلىق كاپىرلار قەبرە ئازابى تارتىدۇ. بۇلارغا ئەلۋەتتە ئىشىنىش كېرەك. مېيىت قەبرىستىگە قويۇلغاندا، بىلىنمەيدىغان بىر ھايات بىلەن قايتىدىن تىرىلىدۇ، ھۇزۇر ياكى ئازاپ كۆرىدۇ. مۇنكەر ۋە نەكىر ئىسىملىك بۇ ئىككى پەرىشتە، قورقۇنچلۇق ئىنسانىنىڭ شەكلىدە قەبرىگە كېلىپ، سوئال سورايدىغانلىقىنى ھەدىس-شەرىفتە ئېنىق ئوتتۇرغا قويغان. قەبرىدە سورۇلىدىغان سوئال، بەزى ئۆلىمالارغا نىسبەتەن، بەزىبىر ئەقىدىلەردىن سورىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالارغا نىسبەتەن بارلىق ئەقىدىلەردىن سورىلىدۇ. [شۇڭلاشقا، باللىرىمىزغا (رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ قايسى دىن؟ كىمنىڭ ئۈممىتىدىن؟ كىتابىڭ نىمۇ؟ قىبلەڭ قايسى تەرەپ؟ ئىتىقاتتا ۋە ئەمەلدە مەزھىپىڭ نىمۇ؟) قاتارلىق سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك! ئەھلى سۈننەت ئەمەسلەرنىڭ توغرا جاۋاپ بېرەلمەيدىغانلىقى (تەزكىرەئى كۇرتۇبى)[31] ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان. بۇ سوئاللارغا گۈزەل جاۋاپ بەرگەنلەرنىڭ قەبرىسى

31 بۇ تەزكىرىنىڭ يازغۇچىسى مۇھەممەت كۇرتۇبى مالىكى، 671 [1272] يىلىدا ۋاپات بولغان. (مۇھتاسارى تەزكىرەئى كۇرتۇبى) ھەقىقەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1421 [2000] يىلىدا قايتىدىن بېسىپ چىقىرىلدى.

كېڭىيىپ، بۇ يەردىن جەننەتكە بىر دېرىزە ئېچىلىدۇ. ئەتىگەن ۋە ئاخشام، جەننەتتىكى يەرلىرىنى كۆرۈپ، پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئۇ كىشىگە ياخشىلىق قىلىنىدۇ ۋە خۇش خەۋەر بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. سۇئاللارغا ياخشى جاۋاپ بەرمىسە تۆمۈر تاياقلار بىلەن شۇنچىلىك قاتتىق ئۇرۇلىدۇكىئۇ كىشىنىڭ ۋاقىرغان ئاۋازىنى ئىنسان ۋە جىندىن باشقا بارلىق مەخلۇقات ئاڭلايدۇ. قەبرىسى شۇنچىلىك تارلاپ كېتىدۇكى، سۆڭەكلىرى بىر-بىرسىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك سىقىلىدۇ. جەھەننەمدىن بىر دېرىزە ئېچىلىدۇ. ئەتىگەن ۋە ئاخشام ئۆزىنىڭ جەھەننەمدىكى يېرىنى كۆرۈپ، مازىرىدا، مەشھەرگىچە ئازاپلارغا دۇچار بولىدۇ.

ئۆلگەندىن كېيىن، قايتا تىرىلىشكە ئىشىنىش كېرەك. سۆڭەك ۋە گۆشلەر چىرىپ، تۇپراققا ۋە گازغا ئايلانغاندىن كېيىن، بەدەن قايتىدىن يارىتىلىدۇ، روھلار بەدەنلەرگە كىرىپ، ھەممەيلەن قەبرىدىن چىقىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ۋاقىت، (قىيامەت كۈنى) دەپ ئاتىلىدۇ.

[ئۆسۈملۈكلەر ھاۋادىن كاربون تۆت ئوكسىد گازىنى ۋە تۇپراقتىن سۇ بىلەن تۇزنى، يەنى تۇپراقتىكى ماددىلارنى ئېلىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئورگانىك ماددىلارنى ۋە ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلەكلىرىنى ئوتتۇرغا قويغانلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە مەلۇمكى، بۇلارنىڭ ھاسىل بولىشى ئۈزۈن يىل داۋاملاشقان خىمىيىلىك رېئاكسىيە (كاتالىزاتور) تەسىرىدە، بىر سېكىنۇتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، قەبرىدە سۇ، كاربون تۆت ئوكسىد ۋە تۇپراق ماددىلار بىرلىشىپ، ئورگانىك ماددىلار ۋە جانلىق ماددىلار بىر دەمدىلا بارلىققا كېلىدۇ. مۇشۇنداق تىرىلدىغانلىقىمىزنى مۇھبىرى سادىق ئېيتقان. ئىلىم-پەن، بۇنىڭ ئاللىقاچان دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ].

بارلىق جانلىقلار (مەھشەر) يېرىدە يىغىلىدۇ. ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەل دەپتىرى ئۇچۇپ كېلىپ ئۆز ئىگىسىنى تاپىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەرنى، ئاسمانى، دانىچىلارنى، يۇلتۇزلارنى ئاپىرىدە قىلغان، چەكسىز كۈچ-قۇدرەتكە ساھىپ بولغان ئاللاھۇ تائالا قىلىدۇ. بۇ ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھۇ تائالانىڭ رەسۇلى ”سەﷲللاھۇ تائالا ئەلەيھى ۋەسەﷲم“ بايان قىلغان. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا. ئەلۋەتتە ھەممىسى يۈز بېرىدۇ.

سالىھ، ياخشى ئادەملەرنىڭ ئەمەل دەپتىرى ئوڭ تەرەپتىن، پاسىق ۋە ناچار

ئادەملەرنىڭ ئەمەل دەپتىرى ئارقا ياكى سول تەرەپتىن بېرىلىدۇ. ياخشى-يامان، چوڭ-كىچىك، مەخپىي ياكى ئوچۇق-ئاشكارا قىلىنغان پۈتۈن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەل دەپتىرىدە يېزىلغان بولىدۇ. (كىرامەن كاتىبىن) پەرىشتىللىرىنىڭ بىلمەيدىغان ئىشلىرىمۇ، بەدىنىمىزدىكى ئورگانلارنىڭ ۋە ئاللاھۇ تائالانىڭ بىلدۈرىشى بىلەن ئاشكارلىنىدۇ، ھەممە نەرسىدىن سوئال ۋە ھېساپ سورىلىدۇ. مەھشەردە، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئارزۇ قىلغان ھەربىر ئىشى ئوتتۇرغا چىقىدۇ. پەرىشتىلەرگە، يەر يۈزىدە ۋە ئاسماندا نېمە ئىش قىلدىڭىز؟ پەيغەمبەرلەرگە ”سەلەۋاتۇللاھى تائالا ۋە تەسلىماتۇھۇ ئەلەيھىم ئەجمائىن“ بولسا، ئاللاھۇ تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۇنىڭ قۇللىرىغا قانداق ئۇقتاردىڭىز؟ باشقا كىشىلەرگە بولسا، پەيغەمبەرلەرگە قانداق ئەگەشتىڭىز، سىزگە بېرىلگەن ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلىدىڭىز؟ بىربىرىڭىز ئوتتۇرسىدىكى ھەق-ھوقۇقنى قانداق ھەل قىلدىڭىز؟ دەپ سوئاللار سورىلىدۇ. مەھشەردە، ئىمانلىق، قىلغان ئەمەللىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرى بولغان كىشىلەرگە مۇكاپات ۋە ئېھسانلار بېرىلىدۇ، خۇيى ئەسكى، قىلغان ئەمەللىرى ناچار بولغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

ئاللاھۇ تائالا ئۆزى خالاپ، مۆمىنلەرنىڭ چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھلىرىنى، مەرھەمىتى ۋە ئېھسانى بىلەن كەچۈرۋېتىدۇ. شېرىك ۋە كۇپۇرلۇقتىن باشقا، ھەربىر گۇناھنى خالىسا كەچۈرۋېتىدۇ. خالىسا ئادالەت بىلەن كىچىك گۇناھلارغىمۇ جازا بېرىدۇ. مۇشرىك ۋە كاپىر بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ھېچقانداق بىر ۋاقىتتا كەچۈرمەيدۇ. كىتابى بار ياكى كىتابى بولمىغان كاپىرلار، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ، ئۇنىڭ بىلدۈرگەن ئەھكاملىرىدىن، يەنى بۇيرىق ۋە چەكلىمىللىرىدىن بىرسىنىمۇ ياقتۇرمايدىغانلار، مۇشۇ پېتى ئۆلۈپ كەتسە، ئەلۋەتتە دوزاققا تاشلىنىدۇ، تۈگىمەس ئازاپ-ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ.

قىيامەت كۈنى قىلغان ئەمەللىرى ۋە ئىشلىرىنى ئۆلچەش ئۈچۈن، بىز بىلمەيدىغان بىر (مىزان)، بىر ئۆلچەش ئەسۋابى، بىر تارازا بار. يەر يۈزى بىلەن ئاسمان بىز كۆزگە سىغىدۇ. ساۋاپ كۆزى پارلاق بولۇپ، ئەرشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، جەننەت تەرىپىدە بولىدۇ. گۇناھ تەرىپى بولسا، قاراڭغۇ بولۇپ، ئەرشنىڭ سول تەرىپىدە، جەھەننەم تەرىپىدە بولىدۇ. دۇنيادا قىلىنغان ئىشلار، سۆزلەر، ئويلار، كۆرۈشلەر، ئۇ يەردە شەكىلگە كىرىپ، ياخشىلىقلار پارلاق، يامانلىقلار بولسا قاراڭغۇ ۋە يىرگىنىچلىك

كۆرنىندۇ ۋە تارازىدا تارتىلىدۇ. بۇ تارازا دۇنيا تارازىسىغا ئوخشىمايدۇ. ئېغىر تەرىپى بولسا يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ، يىنىك تەرىپى تۆۋەنلەيدۇ دېيىلىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ ”رەھىمە ھۇمۇللاھۇ تائالا“ بەزىللىرگە نىسبەتەن، ھەر خىل تارازا بولىدۇ.
دىنىمىزدا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قانچە تانە ئىكەنلىكى ۋە قانداق ئىكەنلىكى ئېنىق بىلدۈرۈلمىدى، ئۇلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئويلاشماسلىق كېرەك دېيىلدى.

(سىرات كۆۋرۈكى) بار. سىرات كۆۋرۈكى ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرىقى بىلەن دوزاقنىڭ ئۈستىدە ياسىلىدۇ. ھەممەيلەننىڭ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىشى بۇيرۇلىدۇ. ئۇ كۈنى، بارلىق پەيغەمبەرلەر (يا رەببى! ئامانلىق بەرگىن!) دەپ يالۇرۇدۇ. جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلار كۆۋرۈكتىن ئاسان ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىللىرى چاقمەقتەك، بەزىللىرى شامالدەك، بەزىللىرى چاپقان ئاتقا ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىرات كۆۋرۈكى قىلدىن ئىنچىكە، تىغدىنمۇ ئۆتكۈر. دۇنيادا ئىسلامغا ئەگىشىش مۇشۇنداق بولىدۇ. ئىسلام دىنىغا تولۇق ئەمەل قىلىش خۇددى سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەنگە ئوخشايدۇ. دۇنيادا نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش تەسكە توختىسىمۇ توختىماي كۈرەش قىلغانلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئاسان ۋە راھەتچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئىسلامغا ئەگەشمىگەن، نەپسىنىڭ كەينىدىن ماڭغانلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە قىينىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھۇ تائالا، ئىسلامىيەتنىڭ كۆرسەتكەن توغرا يولغا (سىراتى مۇستەقىم) ئىسمىنى بەرگەن. بۇ ئىسمىنىڭ ئوخشاشلىقى، ئىسلام يولىدا مېڭىشنىڭ سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەنگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جەھەننەمگە كىرىشكە لايىق بولغانلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلمەي، دوزاققا كىرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستافاغا (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ مەخسۇس (كەۋسەر كۆلچىكى) بار. ئۇنىڭ چوڭلىقى بىر ئايلىق يول مۇساپىسىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىن تېخىمۇ ئاق، پۇرىقى خۇشپۇراقلاردىمۇ گۈزەل پۇراقلىقتۇر. ئەتراپىدىكى قەدەھلەر يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ. بىر قېتىم ئىچكۈچى جەھەننەمدە بولسىمۇ، ئەسلا ئۇسۇمايدۇ.

(شاپائەت) توغرىدۇر. تۆۋبە قىلماي تۇرۇپ ئۆلگەن مۆمىنلەرنىڭ چوڭ-كىچىك گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر، ۋەسىلەر، سالىھلەر، پەرىشتىلەر ۋە ئاللاھۇ تائالانىڭ رۇخسەت قىلغان كىشىلەرگە مەرھەمەت قىلىنىپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

[پەيغەمبىرىمىز ”سەللاللاھۇ تائالا ئەلەيھى ۋەسەللەم“، (مېنىڭ ئۈممىتىمدىن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارغا شاپائەت قىلىمەن) دەپ دىگەن.] مەھشەردە شاپائەت بەش تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، قىيامەت كۈنى مەھشەردىكى قىستاڭچىلىقتىن بەك ئۇزۇن ساقلاشتىن زېرىككەن گۇناھكارلار، پەرياد قىلىپ، ھېساپنىڭ ئازىراق بولىسمۇ بۇرۇن تۈگىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شاپائەت قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، سوئالنىڭ ۋە ھېساپنىڭ تېخىمۇ ئاسان بولىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچىسى، گۇناھ سادىر قىلغان مۆمىنلەرنىڭ سىرات كۆۋرۈكىدىن جەھەننەمگە تاشلانماسلىقى، دوزاق ئازابىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىنىدۇ.

تۆتىنچىسى، بەك كۆپ گۇناھ سادىر قىلغان مۆمىنلەرنى جەھەننەمدىن چىقىرىش ئۈچۈن شاپائەت قىلىنىدۇ.

بەشىنچىسى، جەننەتتە سانسىزلىغان نازۇ-نىممەتلەر بولىدۇ ۋە مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ سەككىز دەرىجىسى بار. ھەممە ئادەمنىڭ دەرىجىسى، ئورۇنى، ئىمانىنىڭ ۋە ئەمەللىرىنىڭ مىقدارىچىلىك بولىدۇ. جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ كۆتۈرلىشى ئۈچۈنمۇ شاپائەت قىلىنىدۇ.

جەننەت ۋە جەھەننەپ ھازىرمۇ بار. جەننەت يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. جەھەننەم ھەممە نەرسىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. سەككىز جەننەت، يەتتە جەھەننەم بار. جەننەت، زېمىندىن، قۇياشتىن ۋە ئاسماندىن تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. جەھەننەممۇ قۇياشيىن چوڭ.

-6 ئىمان ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشنىڭ ئالتىنچىسى؛ (تەقدىر، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھۇ تائالا تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر). ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق، پايدا- زىيان، ئېرىشىش-يوقىتىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھۇ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن بولىدۇ. (تەقدىر)، لۇغەتتە كۆپلۈكنى ئۆلچەش، ھۆكۈم ۋە بۇيرۇق قىلىش دىگەنلىكتۇر. كۆپلۈك ۋە چوڭلۇق مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئاللاھۇ تائالانىڭ بىر نەرسىنىڭ بولىشىنى ئارزۇ قىلىشى تەقدىر دەپ ئاتىلىدۇ. تەقدىر، يەنى بولىشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىنىڭ بولىشى (ھادىسە) دەپ

ئاتىلىدۇ. ھادىسە ۋە تەقدىر سۆزلىرى بىر-بىرىنىڭ يېرىگە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ھادىسە دىگەنلىك، زاماندىن تارتىپ ئەبەدىيەتكىچە يارىتىلىدىغان ئىشلارنى، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئارزۇ قىلىشى دىگەنلىك بولىدۇ. بارلىق بۇ نەرسىلەرنىڭ ھادىسىگە ئاساسەن كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس يارىتىلىشىغا تەقدىر دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھۇ تائالا يۈز بېرىدىغان بارلىق ئىشلارنى بىلىدۇ. بۇ بىلىمگە (ھادىسە ۋە تەقدىر) دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى بۇنىڭغا (ئىنايەتى ئەزەلىيە) دەپ ئاتايدۇ. بارلىق جانلىقلار شۇ ھادىسىدە مەيدانغا كەلگەن. ئەبەدىيەت بىلىمىگە ئاساسەن، بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىغا (ھادىسە ۋە تەقدىر) دەپ ئاتىلىدۇ. تەقدىرگە ئىشىنىش ئۈچۈن، ياخشى بىلىشى ۋە ئىشىنىش كېرەككى، ئاللاھۇ تائالا بىر نەرسىنى يارىتىشنى خالىسا، ئارزۇ قىلسا، ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنى بويىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلمەسلىكى ۋە يوق بولىشىنى ئارزۇ قىلغان نەرسىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش.

پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، جانسىز نەرسىلەرنىڭ [قاتتىق جىسىملارنىڭ، سۇيۇقلۇقلارنىڭ، گازلارنىڭ، يۇلتۇزلارنىڭ، مولېكۇلىلارنىڭ، ئاتوملارنىڭ، ئېلىكترونلارنىڭ، ئېلىكتىر ماگنىت دولقۇنلىرىنىڭ، قىسقىسى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەركىتى، فىزىكا ھادىسىسى، خىميە رېئاكسيەلسى، يادرو رېئاكسيەسى، ئېنىرگىيە ئالماشتۇرۇش، جانلىقلاردىكى فىزولوگىيىلىك ھادىسلەر]، ھەمما نەرسىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى، قۇللارنىڭ ياخشى ۋە يامان ئىشلىرى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بۇنىڭ جازاسىنى تاتىشى ۋە ھەممە نەرسى ئاللاھۇ تائالانىڭ بىلىمىدە بار بولغان نەرسە ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. ھازىرقى زاماندىن ئەبەدىيەتكىچە بولىدىغان نەرسىنى، ئىقتىدارىنى، ھەركىتىنى، ۋەقەلەرنى، ئۇيغۇن بولغان ئاساستا بارلىققا كەلتۈردى. ئىنسانلارنىڭ ياخشى-يامان بارلىق ئىشلىرىنى، مۇسۇلمان بولۇشىنى، كۇپۇرلۇقىنى، خالىغان-خالىمىغان نەرسىللىرىنى ئاللاھۇ تائالا ياراتقان. ياراتقان ۋە بارلىققا كەلتۈرگۈچى پەقەتلا ئاللاھۇ تائالادۇر. سەۋەپلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەممە نەرسىنى ئۇ يارىتىدۇ. (ئۇ ھەممە نەرسىنى بىر سەۋەپ بىلەن يارىتىدۇ).

مەسىلەن، ئوت كۆيدۈرىدۇ. ھالبۇكى ئۇنى كۆيدۈرگۈچى ئاللاھۇ تائالادۇر. ئوتنىڭكۆيدۈرۈش بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوق. ئەمما، ئۇنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداقكى، ئەگەر ئوت بىر نەرسىگە تەگمىسە، ئۇ كۆيدۈرمەيدۇ. [ئوت ئوتنىڭ

تېمپېراتۇرىسىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا بىر ئىش قىلالمايدۇ. ئورگانىك ماددىلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى كاربون، ھىدروگېن ۋە ئوكسىگېن بىلەن بىرلىشىپ، ئېلىكتىر ئالماشتۇرۇشنى تەمىنلەيدىغىنى ئوت ئەمەس. ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدىغانلار، بۇنى ئوت قىلىدى دەپ ئويلايدۇ. كۆيدۈرگەن ۋە كۆيۈشنى ئىشقا ئاشۇرغىنى ئوت ئەمەس. ئوكسىگېنمۇ ئەمەس. ئىسمۇ ئەمەس. ئېلىكتىر ئالمىشىشمۇ ئەمەس. كۆيدۈرگۈچى پەقەتلا ئاللاھۇ تائالادۇر. ئاللاھۇ تائالا بۇ نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈشنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە ياراتتى. بىلىمسىز بىرسى ئوتنى كۆيدۈرىدۇ دەپ ئويلايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىرسى، (ئوتنى كۆيدۈرىدۇ) دىگەن سۆزنى ياقتۇرمايدۇ. ھاۋا كۆيدۈرىدۇ دەيدۇ. ئەمما، تولۇقسىزدا ئوقۇغان بىرسى بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھاۋانىڭ تەركىبىدىكى ئوكسىگېننىڭ كۆيدۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن بىرسى كۆيدۈرۈش پەقەتلا ئوكسىگېنغا مەخسۇس ئەمەس دەيدۇ. ھەربىر ئېلىكتروننى تارتقان ئېلېمېنت كۆيدۈرگۈچى دەيدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغان بىرسى ماددا بىلەن ئېنېرگىيەنىمۇ ئويلىشىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىشنىڭ ئىچكى قىسمىنى كۆرۈش، سەۋەبى دەپ ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە تېخىمۇ نۇرغۇن سەۋەپلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. ئىلىم-پەننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرىۋاتقان، ھەقىقەتلەرنى كۆرەلەيدىغان پەيغەمبەرلەر ''ئالەيھى مۇسسەلام'' ۋە چوڭلارنىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ، ئىلىم دېڭىزىدىن تامچىلارغا ئېرىشكەن ئىسلام ئۆلىمالار ''رەھىمە ھۇمۇللاھۇ تائالا''، بۇگۈنكى كۈندە كۆيدۈرگۈچى ۋە قىلغۇچى دەپ قارىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئاجىز ۋە كۈچسىز بىر ۋاستە ياكى مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ۋۇجۇتقە كەلتۈرگۈچىنىڭ سەۋەپلەر ئەمەس، بەلكى ئاللاھۇ تائالا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ]. كۆيدۈرگۈچى، ئاللاھۇ تائالادۇر. ئۇ ئوينى ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ كۆيدۈرەلەيدۇ. ئەمما ئوت بىلەن كۆيدۈرۈش بىر قانۇنىيەتتۇر. ئۇ ئوت بىلەن كۆيدۈرۈشنى خالىمىسا، ئوت بىلەن كۆيدۈرسىمۇ كۆيمەيدۇ. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوت بىلەن كۆيدۈرمىدى. ئۇنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، قانۇنىيىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. [ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ماددىلارنىمۇ ياراتقان. بۇ ماددىلارنى خىمىيەشۇناسلار بايقاپ چىقىدۇ].

ئەگەر ئاللاھۇ تائالا خالىغان بولسا، ھەممە نەرسىنى سەۋەپسىز ياراتقان بولاتتى. ئوت ئىشلەتمەي تۇرۇپ كۆيدۈرەتتى. تاماق يېمەي تۇرۇپ قوسقىمىز توياتتى. ئايروپىلان ئىشلەتمەي تۇرۇپ ئاسماندا ئۇچقان بولاتتۇق. رادىئوسىز ئۇزاقتىن

ئىشلارنى ئۇختۇراتتى. ئەمما، لۇتىف قىلىپ، قۇللىرىغا ياخشىلىق قىلىپ، ھەممە نەرسىنى ياراتقاندا بىر سەۋەپ بىلەن ياراتتى. مەلۇم نەرسىلەرنى مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن يارىتىشنى ئۈمىد قىلدى. ئىشلارنى سەۋەپلەر بىلەن يۈشۈرۈپ قويىدى. كۆچ-قۇۋۋەتنى سەۋەپلەرنىڭ ئاستىدا ساقلاپ قويىدى. كىم ئۇنىڭ بىر نەرسىنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلسا، ئۇ نەرسىنىڭ سەۋەبنى چىڭ تۇتىدۇ ۋە ئۇ نەرسىگە ئېرىشىدۇ.

[چىراقنى ياندۇرۇشنى خالايدىغانلار سەرەڭگە ئىشلىتىدۇ. زەيتۇن مېيى چىقىرىشنى ئويلىغانلار، ماي بېسىپ چىقىرىدىغان ئەسۋاپ ئىشلىتىدۇ. بېشى ئاغرىغان بىرسى، ئاسپىرىن ئىشلىتىدۇ. جەننەتكە كىرىپ، سان-ساناقسىز نازۇ-نىممەتلەرگە ئېرىششنى خالايدىغان بىرسى، ئىسلامغا ئەگىشىدۇ. ئۆزىنى تاپانچا بىلەن ئاتقان ئادەپ چوقۇم ئۆلىدۇ. زەھەر ئىچكۈچى ئۆلۈپ كېتىدۇ. تەرلىگەندە سۇ ئىچكۈچى كېسەل بولىدۇ. گۇناھ سادىر قىلغان ۋە ئىمانى سۇسلاشقان بىرسى دوزاققا كىرىدۇ. كىم قايسى سەۋەپنى ئىشلەتسە، ئۇ سەۋەپنى ۋاستە قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. مۇسۇلمان كىتاپلىرىنى ئوقۇغان كىشى مۇسۇلمانلىقنى ئۆگىنىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ ۋە مۇسۇلمان بولىدۇ. دىنسىز ۋە مەزھەپسىزلەرنىڭ ئارىسىدا ياشىغان، ئۇلارنىڭ دىگەن گېپىدىن چىقمىغان بىرسى، دىنسىز نادان بولىدۇ. دىنسىز نادانلارنىڭ كۆپىنچىسى كاپىر بولىدۇ. بىر ئادەپ قايسى يولنى تاللىسا شۇ يولغا كېتىدۇ.

ھەق، تەجەللى بولغاندا، ھەممە ئىش ئاسان بولۇر،

ئىنسان سەۋەپ قىلارسا، بىر دەمدىلا ئېھسان قىلىنۇر.

ئەگەر ئاللاھۇ تائالا ئىشلارنى سەۋەپلىرى بىلەن ياراتمىغان بولسا، ھىچكىم ھىچكىمگە مۇھتاج بولمىغان بولاتتى. ھەممەيلەن ھەممە نەرسىنى ئاللاھۇ تائالادىن تىلەيدۇ، ھىچبىر نەرسىگە مۇراجىئەت قىلمايدۇ. بۇنداق بولمىغان بولسا، ئىنسانلار ئارىسىدا ھاكىم، مەمۇر، ئىشچى، سەنئەتكار، ئوقۇغۇچى، مۇئەللىم ۋە نۇرغۇن ئىنسان ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت باغلىنىشى بولمىغان بولاتتى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. گۈزەل بىلەن سەت، ياخشى بىلەن يامان، سادىقلىق بىلەن ئاسىيلىق ئوتتۇرسىدا پەرىق بولمىغان بولاتتى.

ئەگەر ئاللاھۇ تائالا خالىغان بولسا، قانۇنىيەتلىرىنى باشقىچە قىلغان بولاتتى. ھەممە نەرسىنى ئۇ قانۇنىيتى بىلەن يارىتاتتى. مەسىلەن، ئەگەر ئۇ خالىغان بولسا، كاپىرلارنى، دۇنيادىكى خوشاللىقنى ۋە نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشنى ياقتۇردىغانلارنى

كىشىلەرنى ئازاپلايدىغانلارنى، كىشىلەرنى ئالدايدىغانلارنى جەننەتكە كىرگۈزگەن بولاتتى. ئىمانلىق، ئىبادەت قىلىدىغانلارنى، ياخشىلىق قىلىدىغانلارنى جەھەننەمگە كىرگۈزگەن بولاتتى. ئەمما، ئايەت ۋە ھەدىس-شەرىفلەر بۇنداق بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ھەربىر ئىشىنى، خالىغان-خالىمىغان نەرسىللىرىنى، بارلىق ھەركەتلىرىنى يارىتقۇچى ئاللاھۇ تائالادۇر. قۇللىرىنىڭ ئىختىيارى يەنى قىلىشنى خالىغان ھەركەتلىرىنى، ئىشلىرىنى قىلىشى ئۈچۈن، قۇللىرىدا (ئۆزھۆرلۈك) ۋە (ئىرادە) ياراتتى، بۇ تاللاش ۋە ئارزۇ قىلىشنى، ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا سەۋەپ قىلدى. بىر قۇل بىر ئىشنى خالىغان بولسا، ئاللاھۇ تائالا ئارزۇ قىلسا، ئۇ ئىش بولىدۇ. بىر قۇل بىر ئىشنى خالىمىسا ۋە ئارزۇ قىلمىسا، ئاللاھۇ تائالامۇ بۇنى ئارزۇ قىلغان بولسا، بۇ ئىش بولمايدۇ. بىر ئىش پەقەت قۇلنىڭ ئارزۇ قىلىشى بىلەنلا ئىشقا ئاشمايدۇ. ئاللاھۇ تائالا ئارزۇ قىلسا ئاندىن كېيىن ئىشقا ئاشىدۇ. قۇللىرىنىڭ ئارزۇ قىلغان ئىشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئوت بىر نەرسىگە تەگسە، ئۇ نەرسىدە كۆيۈشنىڭ يۈز بېرىشى، ئوت تەگمىسە، كۆيۈشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىگە ئوخشايدۇ. تىغقا بىر نەرسە تەگسە كېسىدۇ. كەسكۈچى تىغ ئەمەس، ئاللاھۇ تائالادۇر. تىغنى كېسىش ئۈچۈن سەۋەپ قىلغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قۇللارنىڭ قىلىشنى خالىغان ھەركەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ خالىشى، ھەرىكەت قىلىشنى تاللىشى ۋە ئارزۇ قىلىش سەۋەپلىرى بىلەن ياراتتى. ئەمما، تەنىئەت دۇنياسىدىكى ھەرىكەتلەر، قۇللارنىڭ خالىشى بىلەن بولمايدۇ. بۇلار پەقەت ئاللاھۇ تائالانىڭ ئارزۇسى بىلەن، باشقا سەۋەپلەر بىلەن بولىدۇ. ھەممە نەرسىنى، قۇياشنى، زەررىچىلەرنى، تامچىلارنى، ھۈجەيرىلەرنى، مىكروپلارنى، ئاتوم ماددىللىرىنى، بۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، ھەركەتلىرىنى ياراتقۇچى پەقەتلا ئاللاھتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ياراتقۇچى يوق. قانداقلا بولمىسۇن، جانسىز ماددىلارنىڭ ھەركەتلىرى بىلەن، ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ قىلىشنى خالايدىغان ھەركەتلىرى ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بىر پەرىق بار بولۇپ، قۇللار بىر نەرسىنى قىلىشنى خالىسا، تاللىسا ۋە تىلىسە، ئاللاھۇ تائالامۇ ئارزۇ قىلسا، قۇلى ھەرىلەتكە ئۆتۈپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. قۇلنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتىشى قۇلنىڭ قولىنىڭ ئىلكىدىكى بىر ئىش ئەمەس. ھەتتا قانداق ھەرىكەت قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ. [ئىنسانىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى نۇرغۇنلىغان فىزىكا ۋە خىمىيە ھادىسىلەر تەرىپىدىن بارلىققا كېلىدۇ.] جانسىزلارنىڭ ھەرىكىتىدە (خالاش) يوق. ئوت خالىغان چاغدا،

كۆيدۈرۈشىنىڭ يۈز بېرىشى، ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشنى تاللىشى بولمايدۇ.

[ياخشى كۆرگەن ۋە مەرھەمەت قىلغان قۇللىرىنىڭ ياخشى ۋە پايدىلىق تىلەكلىرىنى، ئاللاھۇ تائالامۇ خالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسكى ۋە زىيانلىق تىلەكلىرىنى، ئاللاھۇ تائالا خالىمايدۇ ۋە ئىشقا ئاشۇرمايدۇ. قۇللىرىدىن ھەر ۋاقىت ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلار ئىشقا ئاشىدۇ. ئەمما بىر نەچچە ئىشنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىشنىڭ زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى بىلگەن ۋە چۈشەنگەن بولسا، كۆڭلى يېرىم بولمىغان بولاتتى. بۇنىڭغا خوشال بولغان، ئاللاھۇ تائالاغا شۈكرى ئېيتقان بولاتتى. ئاللاھۇ تائالا ئىنسانلارنىڭ خالىغان ۋە تىلىگەن ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئىشنى خالىغان ۋە ئىرادە قىلغاندىن كېيىن يارىتىشقا، مۇشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئەگەر ئاللاھۇ تائالا بۇنى خالىمىغان بولسا، بىزنىڭ قىلىشنى خالىغان ئىشلىرىمىزنى، بىز خالىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ زورلۇق بىلەن قىلدۇرغان بولاتتى. بىز قىلىشنى خالايدىغان ئىشلارنى بىز تىلىگەندىن كىيىن ئىشقا ئاشۇرۇشى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. دېمەككى، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىرادىسى بۇنى بەلگىلەيدۇ].

قۇللارنىڭ قىلىشنى خالايدىغان ھەرىكەتلىرى، ئىككى نەرسىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. بىرىنچىسى، قۇلنىڭ قەلبىنىڭ ئىرادىسى، قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، قۇللارنىڭ ھەرىكىتىگە (ئېرىشىش) دەپ ئاتىلىدۇ. ئېرىشىش، ئىنسانغا ئائىت سۈپەتتۇر. ئىككىنچىسى، ئاللاھۇ تائالانىڭ يارىتىشى، بار قىلىشى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقلار، چەكلەشلەر، ساۋاپلار ۋە ئازاپلار يارىتىشى، ئىنساندا ئېرىششىنىڭ بولىشىدۇر. (سافقات) سۈرىسىنىڭ -96ئايىتىدە، (ئاللاھۇ تائالا سىزنى ياراتتى ۋە ئىشلىرىڭىزنى ياراتتى) دەپ يېزىلغان. بۇ ئايەتتە، ئىنسانلاردىكى ئېرىششىنىڭ يەنى قەلبىنىڭ خالىشى ۋە ئىرادىسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ جاپانىڭ يوقلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنىڭغا (ئىنساننىڭ ئىشى) دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئەلى ئۇردى، پارچىلىدى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممە نەرسىنىڭ ھادىسە ۋە تەقدىر بىلەن يارىتىلدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇلنىڭ ئىشىنىڭ ئىشقا ئېششىدا ۋە يارىتىلىشىدا، ئالدى بىلەن قۇل بۇ ئىشنى خالىشى ۋە ئىرادە باغلىشى كېرەك. قۇل، ئۆزىنىڭ قۇدرىتى دائىرىسىدە بولغان ئىشلارنى ئىرادە قىلىدۇ. بۇ تىلەك ۋە ئارزۇغا (ئېرىشىش) دېيىلىدۇ. مەرھۇم ئامىدى،

بۇ ئېرىشىشنىڭ ئىشلارنىڭ ئىشقا ئېرىشىشىدا سەۋەپ بولىغاندانلىقىنى، تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدى. بۇ ئېرىشىشنىڭ ئىنسان خالىغان ئىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا تەسىرى بولمايدۇ دېيىشمۇ ھىچ زەخمەت بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئىشقا ئاشقان ئىش بىلەن قۇلنىڭ قىلىشنى خالايدىغان ئىش، بىر-بىرىدىن پەرىقلىق ئەمەس. دىمەككى، قۇل ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىشقا قادىر ئەمەس. قىلىشنى خالىمىغان ئىشلىرىمۇ بار. قۇلنىڭ ھەر قېتىم قىلىشنى خالىغان ئىشىنىڭ ئىشقا ئېشىشى، خالىمىغان ئىشىنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقى، بۇ قۇللۇق ھېساپلانمايدۇ. بۇ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە يېتمەن دېگەنلىكتۇر. ئاللاھۇ تائالا، لۇتىف قىلىپ، ئېھسان قىلىپ، مەرھەمەت قىلىپ، قۇللىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى ئىجرا قىلالىشى ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت، يەنى ئېنىرگىيە بەرگەن. مەسىلەن، سالامەتلىكى ياخشى ۋە پۇلى كۆپ بىرسى، ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىدۇ. ئاسماندا رامزان ھىلالىنى [ئېينى] كۆرگەندە، ھەر يىل بىر ئاي روزا تۇتىدۇ. 24 سائەت ئىچىدە، بەش ۋاق پەرىز قىلىنغان نامىزىنى قىلىدۇ. مال-مۈلكى، پۇلى بار بىرسى، بىر ھىجرى يىلدىن كېيىن، بۇ مال-مۈلكىنىڭ 40 تىن بىر مىقدارى ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى ئايرىپ ئېلىپ، مۇسۇلمانلارغا زاكات قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسان ئۆزى خالىغان ئىشنى، خالىسا قىلىدۇ، خالىمىسا قىلمايدۇ. ئاللاھۇ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. جاھىل ۋە ئەخمەق كىشىلەر، ھادىسە ۋە تەقدىر بىلىملىرىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن ۋە تىلەكلىرىدىن گۇمانلىنىدۇ. ئۆزلىرىنى خالىغان ئىشلىرىنى قىلىشتا ئاجىز ۋە مەجبۇر ھىس قىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قۇللارنىڭ خالىغان ئىشنى قىلارلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەھلى سۈننەتكە ھاقارەت قىلىدۇ. بۇ ناچار سۆزلەر ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئىرادە ۋە خالىغان ئىشنى قىلىدىغان قۇدرەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىر ئىشنى قىلىشتا كۈچىنىڭ يىتىش-يەتمەسلىكىگە (قۇدرەت) دېيىلىدۇ. بىر ئىشنى قىلىش-قىلماسلىقنى تالليشىغا (خالاش)، قىلىشنى خالاش دېيىلىدۇ. قىلىشنى خالىغان ئىشنى تىلەشكە (ئىرادە)، تىلەش دېيىلىدۇ. بىر ئىشنى قوبۇل قىلىشقا، قارشى چىقماسلىقىقا (رازىلىق)، ياقتۇرماق دېيىلىدۇ. ئىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىش شەرتى بىلەن، ئىرادە بىلەن قۇدرەتنىڭ بىر يەرگە كېلىشىگە (يارىتىش) دېيىلىدۇ. تەسىر قىلماي تۇرۇپ بىر يەرگە كېلىشىگە (ئېرىشىش) دېيىلىدۇ. ھەر بىر

ئىرىشىشنى خالىغان نەرسىلەرنىڭ ياتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭغا ئوخشاش، ھەر بىر ئىرادە قىلىنغان نەرسىدىن رازى بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھۇ تائالاغا ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى دېيىلىدۇ. قۇللارغا ئېرىشكۈچى ۋە پەرۋىش قىلىنغۇچى دېيىلىدۇ.

ئاللاھۇ تائالا، قۇللىرىنىڭ ئەبادەتلىرىنى ۋە گۇناھلىرىنى ئىرادە قىلىدۇ، يارىتىدۇ. ئەمما، ئىبادەتلەردىن رازى بولىدۇ. گۇناھلاردىن رازى بولمايدۇ، ياقتۇرمايدۇ. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە يارىتىشى بىلەن بولىدۇ. ئەنئام سۈرىسىنىڭ 112-ئايىتىدە، (ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ئاللاھۇ تائالادۇر) دېيىلگەن.

(مۇتەزىلە) پىرقىسىدىكىلەر، ئىرادە بىلەن رازىلىق ئوتتۇرسىدىكى پەرىقنى كۆرمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ. ئىنسان خالىغان ئىشنى ئۆزى يارىتالايدۇ دىدى. ھادىسە بىلەن تەقدىرنى ئىنكار قىلدى. (جەبرىيە) پىرقىسىمۇ، پۈتۈنلەي ھەيران قالدى. يارىتىلماي تۇرۇپ، بىر ئىشنى خالىسىلا ئىشقا ئاشىدۇ دەپ چۈشەندى. ئىنساندا، خالاش ئىستىكىنىڭ يوق دەپ ئويلاپ، ئىنساننى تاشقا ۋە ئوتۇنغا ئوخشاتتى. ئىنسان گۇناھ سادىر قىلغۇچى ئەمەس. پۈتۈن يامانلىقلارنى قىلىشقا تۈرتكە بولغۇچى ئاللاھۇ تائالادۇر، دېدى. جەبرىيە پىرقىسىدىكىلەرنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش، ئىنساندا، ئىرادە ۋە ئىستەك بولمىغان بولسا، يامانلىقلارنى ۋە گۇناھلارنى ئاللاھۇ تائالا مەجبۇرى قىلدۇرغان بولسا، پۇت-قولى باغلىنىپ تاغدىن تۆۋەنگە دومىلىتىۋېتىلگەن بىرسى بىلەن، مېڭىپ ئەتراپىنى تاماشا قىلىپ تۇرۇپ تاغدىن تۆۋەنگە چۈشكەن بىرسىنىڭ ئوتتۇرسىدىكى ھەرىكەتلەردە بىر-بىرىدىن پەرق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، بىرىنچىسىنىڭ دومىلىتىۋېتىلىشى جاپا-مۇشەققەت بىلەن، ئىككىنچىسىنىڭ مېڭىپ تۆۋەنگە چۈشىشى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى بىلەن بولغان. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرسىدىكى پەرىقنى كۆرەلمىگەنلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى ئىنتايىن تار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايەتكە ئىشەنمىگەن بولىدۇ. ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە چەكلەشلىرىنى كېرەكسىز ۋە ئۇيغۇن ئەمەستەك ھىس قىلىدۇ. مۇتەزىلە ۋە كادەرىيە ئىسىملىك پىرقىلارنىڭ دېگىنىدەك، ئىنسان خالىغىنىنى ئۆزى يارىتالايدۇ دەپ ئويلاشمۇ، (ھەممە نەرسىنى تاراتقۇچى ئاللاھۇ تائالادۇر) دىگەن ئايەتكە ئىشەنمىگەنلىك بولىدۇ، يارىتىشنىڭ ئاللاھۇ تائالاغا خاستۇر، ئەگەر ئۇنداق دىسە شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ.

شىئەلەرمۇ مۇتەزىلەرگە ئوخشاش، ئىنسان خالىغان نەرسىسىنى يارىتالايدۇ دەيدۇ. ئېشەك تاياق يەپ تۇرۇپمۇ سۇ ئازگىلىدىن ئۆتەلمەسلىكىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئويلانمايدۇ، ئىنسان ب ىر ئىشنى قىلىشنى خالىمىسا، ئۇنداقتا ئاللاھۇ تائالانىڭ دېگىنى بولىدۇ. شۇڭلاشقا مۇتەزىلەنىڭ دېگەنلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئوتتۇرغا چىقىدۇ. يەنى ئىنسان خالىغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى قىلالمايدۇ ۋە ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك، ئىنساننىڭ خالىغان ھەممە ئىشى ئىشقا ئاشقان بولسا، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى ئوتتۇرغا چىققانلىق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئاللاھۇ تائالا ئاجىزلىقتىن ئۇزاقتۇر. پەقەت ئۇنىڭ ئىرادە قىلغان نەرسىسى بولىدۇ. ھەممە نەرسىنى ياراتقان، ئاپىرىدە قىلغان پەقەتلا ئاللاھۇ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ، (شۇنى ياراتتى، شۇنى ياراتتۇق، ئۇلار بۇنى ياراتتى) د پېيشلىرى ۋە يېزىشلىرى ئىنتايىن ناچار بولغان بىر ئىشتۇر. بۇ ئاللاھۇ تائالاغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكتۇر. بۇ كۇپۇرلۇققا سەۋەپ بولىدۇ.

[قۇللارنىڭ قىلىشنى خالىغان ھەرىكەتلىرى، ئۆز ئىرادىسى بىلەن بولمايدۇ، ھەتتا ھەرىكەتلىرىمۇ بولمايدۇ، بەلكى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ۋە فىزىيولوگىيىلىك ھادىسىلەر بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئىنچىكە نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىنساپلىق بىر پەن- تېخنىكا ئالىمى، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەرىكەتلىرىدە، (ياراتتىم) دېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، (مەن قىلدىم) دېيىشتىنمۇ زېرىكىدۇ. ئاللاھۇ تائالادىن ئىزا تارتىدۇ. بىلىمى، چۈشىنىشى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقى يېرىدە ئەمەس بىرسى، ھەرقانداق يەردە ھەممە نەرسىنى سۆزلەشتىن زېرىكمەيدۇ.

ئاللاھۇ تائالا پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى بولغان نەرسىلەرنى يارىتىپ، ھەممە كىشىگە ئەۋەتىدۇ. دۇنيادا راھەت ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشىشى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە سائەدەتكە ئېرىششى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نىمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېنىق دەيدۇ. نەپسىگە، ئەسكى دوستلىرىغا، زىيانلىق كىتاپلارغا ۋە رادئولارغا ئىشىنىپ، كۇپۇرلۇق ۋە دالالەت يولىغا ماڭغۇچىلار ئەگەر تىلىسە ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا باشلايدۇ. ئۇلارنى توغرا يوغا باشلايدۇ. ئازغۇن ۋە زالىم كىشىلەرگە بۇ نىممەتلەرنى ئېھسان قىلمايدۇ. ئۇلارنى خالىغان، تىلىگەن ۋە ئىچىدە ئىنكار قىلىدىغان پاتقاقلىقنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ قويىدۇ].

(ئىتىقادنامە) كىتابىنىڭ تەرجىمىسى تاماملاندى. بۇ كىتاپنى تەرجىمە قىلغان ھاجى

فايزۇللاھ ئەپەندىم، ئەرزىنجاننىڭ كەماھ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۇزۇن يىل سۆكەدە پروفىسسورلۇق قىلغان، 1323 [ 1905] يىلىدا ۋاپات بولغان. كىتاپنىڭ ئاپتورى مەۋلانا خالىدى باغدادى ئوسمانى ”كۇدىسسە سىررۇھ“، 1192 ھىجرى يىلىدا باغداتنىڭ شىمالىدىكى شەھرەزۇر شەھرىدە تۇغۇلۇپ، 1242 [1826] يىلى شامدا ۋاپات بولغان. ئوسمانى زىننۇرەيىننىڭ ”رەدىياللاھۇ ئەنھ“ پۇشتىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوسمانى دېيىلگەن. ئۇنىڭ قېرىندىشى مەۋلانا ماھمۇت ساھىب ھەزرەتلىرىگە ئەمام نەۋەۋىنىن (ھادىسى ئەربائىن) ناملىق كىتاپىنىكى ئىككىنچى ھەدىس ۋە (ھەدىسى جىبرىل) نامى بىلەن مەشھۇر ھەدىس-شەرىفنى ئوقۇتقاندا، مەۋلانا ماھمۇت ساھىب ، بۇ ھەدىس-شەرىفنى ئىزاھلاپ يېزىشنى ئۆزىدىن تاشتا چوڭ قېرىنداشلىرىدىن ئۆتۈنگەن. مەۋلانا خالىد ”رەھمەتۇلاھى ئەلەيھ“، قېرىندىشىنىڭ نۇرلۇق قەلبىنى خوش قىلىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ بۇ ئىستىكىنى قۇبۇل قىلىپ، بۇ ھەدىس-شەرىفنى پارىسچە ئىزاھلاپ چىققان.

ئويغان، كۆزلىرىڭنى ئاچ، ئاقىلانىلىك بىلەن، يالۋۇر گۈزەل ئاللاھقا!
ھەرگىز ماڭغان يولۇڭدىن ئايرىلما، يالۋۇر گۈزەل ئاللاھقا!

ھەر كۈنى بەش ۋاق نامىزىڭنى قىل، رامىزان ئېيىدا روزا تۇت!
كۆپ مال-مۈلكىڭ بولسا زاكات بەر، يالۋۇر گۈزەل ئاللاھقا!

بىر كۈنى كۆزلىرىڭ كۆرمەس بولىدۇ، قۇلاقلىرىڭ ئاڭلىمايدىغان،
بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەستىن، يالۋۇر گۈزەل ئاللاھقا!

ساغلام بولىشنى غەنىمەت دەپ بىل، ھەر بىر سائەتنى نىممەت،
ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىل، يالۋۇر گۈزەل ئاللاھقا!

ئۆمرىڭنى بوش ئۆتكۈمە، نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرمە،
ئويغان! غەپلەت ئۇيقىسىدا ئۇخلىما، يالۋۇر گۈزەل ئاللاھقا!

سانسىزلىغان گۇناھلىرىڭ بولسىمۇ، ئاللاھتىن ئۈمىدىڭنى ئۈزمە،
ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى كۆپتۇر، يالۋۇر گۈزەل ئاللاھقا!

سۈبھە ۋاقتىدا ئۇنىڭ رەھمىتى، پۈتۈن مەملىكەتكە چېچىلىدۇ،
ئۇ ۋاقىتتا سېنىڭ قەلبىڭ پاكلىنىدۇ، يالۋۇر گۈزەل ئاللاھقا!

ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ھەر ۋاقىت ياد ئەيلە، روھىڭنى ۋە قەلبىڭنى شاد قىل،
بولبۇلغا ئوخشاش پەرياد قىل، يالۋۇر گۈزەل ئاللاھقا!

## —5—

## شەرەفۇددىن مۈنىرىنىڭ ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“ مەكتۇپى:

## (سەۋەپلەر بىلەن چىك ئېسىلىش كېرەك)

ھىندىستاندا يېتىشكەن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بۈيۈكلىرىدىن شەرەفۇددىن ئەھمەت بىن يەھيا مۈنىرى ”رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ“ پارىسچە (مەكتۇبات) ناملىق كىتابىنىڭ 18-مەكتۇبىدا مۇنداق دىگەن:

ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى، گۇمان ۋە خىيال بىلەن ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن خاتالىشىدۇ. بۇنداق بۇرمىلانغان ئوي-پىكىرلەرنىڭ بىر قىسمى (ئاللاھۇ تائالانىڭ بىزنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىمىزگە ئېھتىياجى يوق. بىزنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ھېچبىر پايدىسى يوق. ئىنسانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ياكى ئىسيان چىقىرىشى ئاللاھۇ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىغا نىسبەتەن ئوخشاشتۇر. ئىبادەت قىلغۇچىلار بىكاردىن بىكار ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ ئازاپلىنىدۇ.) دەيدۇ. بۇنداق ئويلاش خاتادۇر.
ئىسلامنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇشۇنداق دەيدۇ. قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھۇ تائالاغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ۋە شۇڭلاشقا ئىنسانلارغا بۇيرۇلغان دەپ ئويلايدۇ.
بۇنداق ئويلاش خاتالاشقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بولايدىغان نەرسىنى بولىدۇ دىگەنلىكتۇر. ھەر بىر ئىنساننىڭ قىلغان ئىبادىتىنىڭ پايدىسى پەقەتلا ئۆزىگە بولىدۇ.
بۇنداق بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھۇ تائالا (فاتىر) سۈرىسىنىڭ 18- ئايىتىدە ئېنىق قىلىپ، بىلدۈرگەن. بۇنداق خاتا ئوي-پىكىردە بولغان بىرسى، پەرھىز تۇتمىغان بىر كېسەلگە ئوخشايدۇ. بۇ كېسەلگە دوختۇر پەرھىز تۇتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ كېسەل بولسا، پەرھىز تۇتمىساممۇ دوختۇرغا ھېچقانداق بىر زىيىنى بولمايدۇ دەپ

ئويلاپ، پەرھىز تۇتمايدۇ. دوختۇرغا بىر زىيىنى يوق دەپ ئويلىشى توغرا. ئەمما بۇنداق قىلىپ ئۆزىگە زىيىنى بولىدۇ. دوختۇر ئۆزىگە پايدىسى بولىدۇ دەپ ئەمەس، بەلكى بۇ كېسەلنىڭ كېسەلدىن قۇتۇلىشى ئۈچۈن پەرھىز تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەگەر كېسەل دوختۇرنىڭ تەۋسىيەسىگە قۇلاق سالسا، كېسىلىگە شىپا تاپىدۇ. ئەگەر قىلاق سالمىسا، ئۆلىدۇ ۋە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ. بۇلارنىڭ دوختۇرغا ھېچقانداق بىر زىيىنى يوق.

بۇرمىلانغان ئوي-پىكىردە بولغانلارنىڭ بىر قىسمى، ھېچ ئىبادەت قىلمايدۇ، ھارامىلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالمايدۇ، يەنى ئىسلامنى توغرا ئىجرا قىلمايدۇ. (ئاللاھ كەرىمدۇر، رەھىمدۇر. قۇللىرىغا بەك كۆپ مەرھەمەت قىلىدۇ. چەكسىز قېتىم كەچۈرىدۇ. ھېچكىمنى ئازاپقا دۇچار قىلمايدۇ) دەيدۇ. شۇنداق، باشتىكى سۆزلەر توغرا. ئەمما ئاخىرىدىكى سۆلەر خاتا. بۇ يەردە شەيتانلار ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئىسيان چىقىرىشقا ئۇرۇنۋاتىدۇ. بىر ئەقىل ئىگىسى شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيدۇ. ئاللاھۇ تائالا كەرىم ۋە رەھىم بولغۇنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئازابىمۇ ئىنتايىن شىددەتلىكتۇر. ئىنسانىنى ئىنتايىن ئازاپلايدۇ. بۇ دۇنيادا ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى كەمبەغەللىك ۋە قىيىنچىلىقلار ئىچىدە قالدۇرۇپ قويغانلىقىن كۆرىمىز. كۆپىنچە قۇلىرىنى ئازاپلارغا دۇچار قىلىدۇ. ئاللاھۇ تائالا مەرھەمەت قىلغۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى بولسىمۇ، بىر دېھقان ئېتىزلىقتا جاپا تارتمىسا، ئۇنىڭغا بىر چىشلەم لوقما بەرمەيدۇ. ھەممە نەرسىنى ھاياتقا ئېرىشتۈرگۈچى ئاللاھۇ تائالا بولسىمۇ، يېمىگەن، ئىچمىگەن ئادەمنى ئۇ ھاياتتا قالدۇرمايدۇ. دورا ئىچمىگەن كېسەلنى اياتتا قالدۇرمايدۇ. ھاياتتا قالماق، كېسەل بولماسلىق ۋە مال-مۈلكى بار بىرسى بولۇش ئۈچۈن، دۇنيا نىممەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن سەۋەپلەر ياراتتى، بۇ سەۋەپلەرگە چىڭ ئېسىلمىغانلارغا ھېچ ئىچ ئاغرىتماي، ئۇلارنى بۇ دۇنيا نىممەتلىرىدىن مەھرۇم قىلدى. دورا، ماددى ۋە مەنىۋى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بارلىق كېسەللەرگە شىپا، مەنىۋى دورا، سەدىقە بېرىش ۋە دۇئا قىلىش بىلەن بولىدۇ. (كېسەللەرنى سەدىقە بېرىش بىلەن داۋالاڭ!) ۋە (كۆپ ئىستىغفار ئوقۇڭ، بۇ پۈتۈن دەرتلەرگە داۋا!) دىگەن ھەدىسلەر مەشھۇر. ماددى دورىلار بەك كۆپ. بۇنى تەجرىبىمىزگە ئاساسەن سېتىۋالساق بولىدۇ. مەنىۋى دورىلارنى ئىشلىتىش، ماددى دورىلارنى تېپىشقىمۇ ياردىمى بولىدۇ. ئاخىرەت نىممەتلىرىگە ئېرىششىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. كاپىر، قەلبىنى ۋە روھنى ئۆلتۈرىدىغان زەھەرنى ياساپ چىقىدۇ.

ھورۇنلۇقمۇ ئىنسان روھىنى كېسەل قىلىدۇ. بۇنىڭغا دورا ياساپ چىقىلمىسا، روھ كېسەل بولىدۇ، ئۆلىدۇ. كۈپۈرلۇقنىڭ ۋە نادانلىقنىڭ بىردىن بىر دورىسى بىلىمدۇر، مەرىپەتتۇر. ھورۇنلۇقنىڭ دورىسى بولسا، ناماز قىلىش ۋە پۈتۈن ئىبادەتنى قىلىشتۇر. بىر كىشى زەھەر يەپ زەھەرلەنسە، پەقەتلا ئاللاھۇ تائالا كەرىمدۇر، مېنى زەھەرنىڭ زىيىنىدىن قوغدايدۇ دېسە، كېسەل بولىدۇ ۋە ئۆلىدۇ. ئىچى سۈرۈلۈپ توختىمىغان بىرسى، ھىندى مېيى ئىچسە، [دىئابىت كېسىلى بار بىرسى تاتلىق-تۈرلۈم ياكى خېمىر تامىقى يېسە]، ئۇلارنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەدىنى نازۇك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېھتىياجلىق بولغان ماددىلار[يېمەكلىك، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرالغۇ] كۆپتۇر. بۇ نەرسىلەرنى تېپىش ۋە ئىسلامغا ماس كېلىدىغان بىر شەكىلدە ئىشلىتىش ئۈچۈن، بۇ نەرسىلەرنى تەييار قىلىش قىيىن بىر ئىش. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئوڭاي ۋە راھەتلىك بىلەن ھازىرلىنىشى ئۈچۈن، ئىنسانلارغا (نەپس) دەيدىغان باشقا بىر قۇۋۋەت بېرىلگەن. ھايۋانلاردا بۇ قۇۋۋەتنىڭ بولىشىغا بىر سەۋەپ يوق. نەپس، بەدىنىمىز ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ بولىشىنى خالايدۇ. بۇ ئېھتىياجلىق نەرسىلەردىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى. نەپسنى ئىستەكلىرىگە (شەھۋەت) دېيىلىدۇ. شەھۋەتنى، ئەقىلدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىمىزدىن كۆپ ھازىرلىشىمىز قەلبىمىزگە، بەدىنىمىزگە ۋە باشقىلارغا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ، گۇناھ بولغان بولىدۇ. (سائادەتى ئەبەدىيە) كىتابىنىڭ 32-بېتىگە قاراڭ!

چىرىكلەشكەن پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى، ئاچ قېلىش ئارقىلىق ئۆز جېنىنى قىينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامدىكى ياقتۇرۇلمايدىغان شەھۋەتنى، قەلبىلىرىدىكى غەزەپنى، كۆڭۈل ئېچىش ئارزۇلىرىنى يوقاتماقچى بولىدۇ. ئىسلامدا بۇلارنىڭ يوقىتىلىشى بۇيرۇلغان دەپ ئويلايدۇ. ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئاچارچىلىقتا قېلىپ، بۇ ناچار ئارزۇلىرىنىڭ يوقالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسلام قىلىشقا بولمايدىغان نەرسىنى بىزنىڭ قىلىشىمىزغا بۇيرۇپتۇ دەپ خاتا ئويلايدۇ. ئۇلار (ئىسلامدا بۇيرۇلغان بۇ نەرسىنى قىلىشقا بولمايدۇ. ئىنسان يارىتىلىشىدىن بار بولغان خۇيلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلاردىن قۇرتۇلۇشقا ئۇرۇنۇش خۇددى قارا تەنلىك بىرسىنى ئاق تەنلىككە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغانلىققا ئوخشاشئىشقا ئاشمايدىغان نەرسىنى قىلىشقا ئۇرۇنۇش، ھاياتىنى بىكارغا ئىسراپ قىلغانلىق بولىدۇ) دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق دەپ ئويلىشى خاتا ۋە خاتا ئىش قىلغانلىق ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامدا مۇشۇنداق

بۇيرىغان دېيىشلىرى نادانلىق ۋە ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى ئىسلامدا، غەزەپنىڭ، شەھۋەتنىڭ، ئىنسانلىق سۈپەتلىرىنىڭ يوقىتىلىشىنى بۇيرىمايدۇ. بۇنداق دېيىش ئىسلامنى ھاقارەتلىگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر ئىسلام مۇشۇنداق بۇيرىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبىرىمىز ،ۇ ھەممەد ئەلەيھىسسالامدا بۇنداق سۈپەتلەر يوق بولغان بولاتتى. (مەن بىر ئىنسان. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئاچچىقلىنىمەن) دەپ بۇيرىغان بولاتتى. ئاندا-ساندا ئاچچىقلانغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىش ئاللاھۇ تائالا ئۈچۈن بولىدۇ. ئاللاھۇ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ -134ئايىتىدە، (ئاچچىقىنى يەڭگەن) كىشىلەرنى مەدھىيىلىگەن. ئاچچىقىنى يېڭەلمىگەنلەرنى مەدھىيىلىمىگەن. چىرىك پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ، ئىنسان شەھۋىتىنى يوقىتىشى كېرەك دەپ دېيىشلىرى خاتادۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ”سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ توققۇز خانىم بىلەن ”رەدىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇننە“ توي قىلىشى بۇ شۈزلەرنى خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ شەھۋىتى تۈگىسە، دورا يېيىش ئارقىلىق شەۋىتىنى كەلتۈرسە بولىدۇ. غەزەپمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىر ئەركەك، ئايالىنى ۋە بالىلىرىنى غەزىپى بىلەن قوغدايدۇ. ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى بۇ غەزەپ بىلەن جىھاد قىلىدۇ. نۇرغۇن بالىلىرى بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن شان-شەرىپى بىلەن يادقا ئېلىنىشى شەھۋەتنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ. بۇلار ئىسلامدا ماختالغان، ياقتۇرۇلغان ۋە مەدھىيلەنگەن نەرسىلەردۇر.

ئىسلام، شەھۋەتنى ۋە غەزەپنى يوقىتىشقا ئەمەس، ھەر ئىككىسىگە ئېرىشىپ، دىنىمىزگە ماس كەلگەن ئاساستا ئىشلىتىشكە بۇيرۇلغان. بۇ بىر مەشقاۋۇلنىڭ ئېتىنى ۋە بىر ئوۋچىنىڭ ئىتىنى يوقىتىش ئەمەس، ئۇلارنى بېقىپ ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلاردىن پايدىلىنىشى كېرەك بولغانغا ئوخشايدۇ. يەنى شەھۋەت ۋە غەزەپ، ئوۋچىنىڭ ئىتىغا ۋە مەشقاۋۇلنىڭ ئېتىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى نەرسە بولمىسا، ئاخىرەتنىڭ نىممەتلىرىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، كونترول قىلىش ئارقىلىق دىنىمىزگە ماس كەلگەن ئاساستا ئىشلىتىشىمىز كېرەك. ئەگەر كونترول قىلماي، ئېزىپ-تېزىپ دىنىنىڭ چىگرىسىدىن ئېشىپ كەتسە، ئىنسانلار ئاپەتنىڭ ئىچىدە قالىدۇ. كىشىنىڭ ئۆزىنى قىينىشى، بۇ ئىككى نەرسىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كونترول قىلىش ئارقىلىق دىنىمىزغا ماس كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. بۇنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ. مەدەنىيەت يارىتىش، ئاتوم كۈچىنى ئىشلىتىش ۋە تىك ئۇچار ياسىغانغا ئوخشىمايدۇ. مەدەنىيەت، بۇ نەرسىلەرنى

ئىنسانلارغا خىزمەت قىلدۇرىدۇ. بۇ ئىسلامغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

چىرىك پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ تۆتىنچى قىسمىغا كەلسەك، ئۇلار ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئۇلار (ھەممە نەرسە ئاللىبۇرۇنلا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان. بىر بوۋاق دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ (سائادەتلىك) ياكى (جەھەننەملىك) بىرسى ئىكەنلىكى ئاللىبۇرۇن ئېنىق بولۇپ بولغان. بۇ كېيىنچىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئىبادە قىلىشنىڭ بىر پايدىسى يوق) دەپ ئويلايدۇ. رەسۇلىللاھ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“، ھادىسە ۋە تەقدىرنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، ھەممە نەرسىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغانلىقىنى دېگەندە، ساھابىلەر، (تەقدىرگە ئىشىنەيلى. ئىبادەت قىلمايلى) دېگەندى. رەسۇلىللاھ ”سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇلارنىڭ دىگەنلىرىگە قارشى چىقىپ، (ئىبادەت قىلىڭ! ھەممەيلەننىڭ ئاللىبۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ئىشنى قىلىشى ئاسان بولىدۇ) دەپ دېگەندى. يەنى ئاللاھۇ تائالا ئاللىبۇرۇن سائادەتلىك دەپ بىلگەن كىشى بۇ دۇنيادىمۇ سائادەتلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللىبۇرۇن سائادەتلىق دەپ بىلىنگەن بىرسىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ۋە جەھەننەملىك دەپ بىلىنگەن بىرسىنىڭ ئىسيان چىقىرىشى، ئاللىبۇرۇن ساق-سالامەت ياشىشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان بىرسىنىڭ يېمەكلىك ۋە دورا يېيىشى ۋە كېسەل بولىشلىرى، ئۆلىشى ئاللىبۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان بىرسىنىڭ يىمەكلىك ۋە دورا يېيىشىگە ئوخشايدۇ. ئاچارچىلىقتىن چە كېسىللىكتىن ئاللىبۇرۇن ئۆلىشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان بىرسى يىمەكلىك ۋە دورا ئىشلىتىش نىسىپ بولمايدۇ. باي بولىشى ئاللىبۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان بىرسىنىڭ باي بولىدىغان يوللىرى ئېچىلىدۇ. شەرىق تەرەپتە ئۆلىشى كېرەك بولغان بىرسىنىڭ غەرىپ تەرەپكە بارىدىغان يوللىرى ئېتىلگەن بولىدۇ. بىز ئاڭلىغانغا ئوخشاش، ئەزرائىل ئەلەيھسالام سۇلايمان ئەلەيھسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئولتۇرغانلارنىڭ بىرسىگە دىققەت بىلەن قارىدى. بۇ كىشى پەرىشتىنىڭ بۇنداق قارىشىدىن قورقتى. ئەزرائىل ئەلەيھسالام كەتكەندىن كېيىن، ئۇ كىشى سۇلايمان ئەلەيھسالامغا يالۋۇرۇپ، شامالغا بۇيرۇق قىلىپ، شامالنىڭ ئۆزىنى غەرىپتىكى بىر مەملىكەتلەرنىڭ بىرسىگە ئاپىرىشىنى ئەزرائىل ئەلەيھسالامدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئۆتۈندى. ئەزرائىل ئەلەيھسالام قايتىدىن كەلگەندە سۇلايمان ئەلەيھسالام ئۇنىڭدىن ئۇ كىشىگە نىمىشقا قارىغانلىقىنى سورىدى. ئەزرائىل ئەلەيھسالام، (بىر سائەتتىن كىيىن غەرپتىكى شەھىرلەرنىڭ بىرسىدە ئۇ كىشىنىڭ جېنىنى ئېلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇ كىشىنى سېنىڭ

يېنىڭدا كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئەستايىدىللىق بىلەن قارىدىم. بۇيرىقنى بىنائەن غەرپكە بېرىپ ئۇ كىشىنى كۆرۈپ جېنىنى ئالدىم) دېدى. [بۇ قىسسە، جەلالەددىن رۇمىنىڭ ”رەھىمە ھۇللاھۇ تائالا“[32] (مەسنەۋىسىدە) ئۇزۇن بايان قىلىنغان.] بۇنىڭغا ئوخشاش، تەقدىر بىر بۇيرۇق ئەمەس، بىر ئىلىمدۇر. 63-بەتكە قاراڭ! تەقدىرنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئۈچۈن بۇ كىشى ئەزرائىل ئەلەيھىسالامدىن قورقتى. سۇلايمان ئەلەيھىسالام بۇ كىشىگە ياردەم قىلدى. ئەمما تەقدىر بىر قاتار سەۋەپلەر بىلەن بۇ ئىش يەنىلا يۈز بەردى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئاللىبۇرۇن سائادەتلىك بىرسى دېيىلگەن بىرسىنىڭ ئىمان ئېيتىشى، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشى ۋە ئەسكى خۇيلىرىنى ئۆزگەرتىش نىسىپ بولىدۇ. (ئەنئام) سۈرىسىنىڭ 125- ئايىتىدە، (ئاللاھۇ تائالا ھىدايەتكە ئېرىشتۈرمەكچى بولغان قۇلىنىڭ قەلبىگە ئىسلام نۇرىنى ئاتا قىلىدۇ) دەپ بۇيرۇلغان. ئاللىبۇرۇن جەھەننەمگە لايىق بىرسى دەپ تەقدىرى پۈتۈلۈپ كەتكەن بىرسىنىڭ (ئىبادەت قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ھەممىيلەننىڭ سائادەتلىك بىرسى ياكى جەھەننەملىك بىرسى ئىكەنلىكى ئاللىبۇرۇن پۈتۈلۈپ كەتكەن) دەيدۇ. بۇنداق چۈشىنىش ئارقىلىق ھېچقانداق ئىبادەت قىلمايدۇ. بۇنداق چۈشىنىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلماسلىقى، بۇ كىشىنىڭ جەھەننەملىك بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش نادان بولىشى پۈتۈلۈپ كەتكەن بىرسىنىڭ (ھەممە نەرسە ئەزەلدىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان. نادان بولىشى كېرەك بولغان بىرسىنىڭ ئوقۇپ ئۆگىنىشىنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق) دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى تىرىشمايدۇ، ئۆگەنمەيدۇ. نادان بىرسى بولۇپ قېلىپ قالىدۇ.بىر ئادەمنىڭ يەر تېرىپ ھوسۇل ئېلىشى تەقدىرى بولسا، يەر تېرىشى ۋە ئۇرۇق سېلىشى بۇ كىشىگە نىسىپ بولىدۇ. ئاللىبۇرۇن سائادەتلىك بىرسى دېيىلگەن بىرسىنىڭ ئىمان ئېيتىشى ۋە ئىبادەت قىلىشى جەھەننەملىك بىرسى دېيىلگەن بىرسىنىڭ كاپىر بولىشى ۋە ئىسيان چىقىرىشمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەخمەق بىرسىنى بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئىمان ئېيتىش ۋە ئىبادەت قىلىش سائادەت بىلەن كۇپۇرلۇقنىڭ ئىسيانىنىڭمۇ جەھەننەملىك بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟) دەيدۇ. ئۆزىنىڭ كەم ئەقلى بىلەن بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشنى خالايدۇ. ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئەقلى بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ ئەقلى چەكلىكتۇر. ئەقلىمىزنىڭ يەتمەيدىغان نەرسىلىرىنى ئەقلىمىز بىلەن چۈشىنىشكە ئۇرۇنىشىمىز ئەقىلسىزلىك ۋە ئەخمەقلىق قىلغانلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

---

32 جەلالەددىن رۇمى، 672 [1273] يىلىدا كونيادا ۋاپات بولغان.

بۇنداق چۈشەنگەنلەرنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكى ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام شۇنداق دىگەن، (توغۇشتىن كور بىرسىنى كورۈش قۇۋۋىتىگە ئېرىشتۈرۈش، ھەتتا ئۆلگەن بىرسىنى تىرىلدۈرۈش ماڭا ئېغىر توختىمىدى. ئەمما ئەجمەق بىر كىشىگە توغرىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمىدىم). ئالللاھۇ تائالا چەكسىز ئىلىم ۋى ھېكمىتى بىلەن بەزى قۇللىرىنى پەرىشتە دەرىجىسىگە يۈكسەلتتى. ھەتتا بەزى كىشىلەرنى پەرىشتىلەردىن تېخىمۇ ئۈستۈن قىلدى. بەزى كىشىلەرنى ئىت ۋە توڭگۇز دەرىجىسىگە چۈشۈردى. 18- مەكتۇپنىڭ تەرجىمىسى بۇ يەردە تاماملاندى.

شەرەفۇددىن ئەخمەت بىن يەھيا مۇنىرى ھەزرەتلىرىنىڭ (مەكتۇبات) ناملىق كىتابىدا 100 مەكتۇپ بار. 741 [1339] يىلىدا يېزىلغان ۋە 1329 [1911] يىلىدا ھىندىستاندا بېسىپ چىقىرىلغان. ئىستانبۇلدىكى سۇلايمانىيە كۈتۈپخانىسىدا قولىيازمىسى بار. 76- مەكتۇبىدا مۇنداق دىيىلگەن: (سائادەت) جەننەتكە لايىق بولۇش دىگەنلىكتۇر. (يامان ئىش قىلىش)، جەھەننەمگە لايىق بولۇش دىگەنلىكتۇر. بۇ ئىككىسى، ئالللاھۇ تائالانىڭ ئىككى خەزىنىسىگە ئوخشايدۇ. بىرىنچى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى ئىتائەت ۋە ئىبادەتتۇر. ئىككىنچى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى گۇناھلاردۇر. ئالللاھۇ تائالا بىر ئىنسانىنىڭ جەننەتكە ياكى جەھەننەمگە لايىق بىرى ئىكەنلىكىنى ئالللىبۇرۇن بىلىدۇ. بۇ بىلىمگە (تەقدىر-قىسمەت) دىيىلىدۇ. [بۇنىڭغا يەنە پىشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن دەپمۇ قويىمىز.] سائادەتلىك بىرسى دەپ ئالللىبۇرۇن پىشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن بىرسى، ئالللاھۇ تائالاغا ئىتائەت قىلىدۇ. جەھەننەمگە لايىق دەپ پىشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن بىرسى ھەر ۋاقىت گۇناھ سادىر قىلىدۇ. دۇنيادىكى ھەممەيلەننىڭ جەننەتكە ياكى جەھەننەمگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىن كورىۋالايمىز. ئاخىرەتنى ئويلايدىغان دىنى ئۆلىمالار ھەممەيلەننىڭ جەننەتكە ياكى جەھەننەمگە لايىق ئىكەنلىكىنى بۇنىڭغا ئاساسەن بىلىدۇ. دۇنيادىكى نىممەتلەرنىڭ راھىتىگە دۈم چۈشكەن بىر دىنى ئۆلىما بۇنى بىلمەيدۇ. ھەر بىر قەدىر-قىممەت ۋە ھەر بىر نېممەت، ئالللاھۇ تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىتائەت قىلىدۇ ۋە ئىبادەت قىلىدۇ. ھەر بىر يامانلىق ۋە قىيىنچىلىق گۇناھ سادىر قىلىش بىلەن پەيدا بولىدۇ. ھەممەيلەننىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت ۋە ئاپەت گۇناھ سادىر قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن بولغان. راھەت ۋە ھۇزۇرغا ئېرىشىشىمىز ئىتائەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن بولغان. [ئالللاھۇ تائالانىڭ قانۇنىيىتى مۇشۇنداق. بۇنى ھىچقانداق بىركىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. نەپسىمىزگە ماس كەلگەن ئوڭاي ۋە گۈزەل نەرسىلەرنى سائادەت

دەپ ئويلىماسلىق كېرەك. نەپسىمىزگە نىسبەتەن قىيىن ۋە ئازاپلىق نەرسىلەرنى ئەسكى ۋە ئاپەت ئىېلىپ كېلىدۇ دەپمۇ ئويلىماسلىق كېرەك.] قۇددۇستىكى مەسجىدى ئاقسادا ئۇزۇن يىل دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ كۆننى ئۆتكۈزگەن بىرسى، ئىنادەتنىڭ شەرتلىرىنى ۋە ئىخلاسنى ئۆگەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، سەجدە قىلىشنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن شۇنچىلىق تۆگۈشۈپ كېتىدۇكى، ئۇ كىشى هالاك بولىدۇ. ئەسھابۇل كەھفنىڭ ئىتى مەينەت بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن دەرىجىسى يۈكسەلدىكى هېچ چۈشۈپ باقمىدى. بۇ ئىش ئادەمنى هەيران قالدۇرىدۇ. ئەسرلەردىن بۇيان، ئالىملار بۇ سىرنى سەل قىلالمىدى. ئىنساننىڭ ئەقلى بۇنىڭ هېكمىتىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بۇغداي يېمە دەپ دېيىلدى ۋە ئۇنىڭ يەيدىغانلىقىنى بىلەنلىكى ئۈچۈن يېگەن دېدى. شەيتاننىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشى بۇيرۇلدى ۋە شەيتاننىڭ سەجدە قىلماسلىقى ئارزۇ قىلىندى. ئاللاھۇ تائالا، مېنى ئىزدەپ تېپىڭلار دەپ بۇيرىدى. ئەمما ئاللاھۇ تائالا ئىخلاس قىلمىغۇچىنىڭ ئۆزىنى تېپىشنى خالىمىدى. ئىلاھىي يولدىكى يولچىلار (هېچ چۈشىنەلمىدۇق) دېيىشتىن باشقا چىھنىمە دېيەلمىدى. ئۇنداقتا بىز نېمە دېيىشىمىز لازىم؟ ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا، ئىبادەت قىلىشىغا هېچقانداق ئېھتىياجى يوق. ئىنسانلارنىڭ كاپىر بولىشى ياكى گۇناھ سادىر قىلىشى ئۇنىڭغا هېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ هېچقانداق بىر مەخلۇقاتقا ئېھتىياجى يوق. بىلىم زۇلمەتنىڭ يوقىلىشىغا، نادانلىق بولسا گۇناھ سادىر قىلىشقا سەۋەپچى بولىدۇ. ئىمان ۋە ئىتائەت بىلىمدىن بالىققا كېلىدۇ، كۇپۇرلۇق ۋە گۇناھ سادىر قىلىش بولسا نادانلىقتىن بارلىققا كېلىدۇ. ئىتائەت ئاز بولسىمۇ، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك! قىلغان گۇناھلىرىمىز بەك ئازدەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، سادىر قىلماسلىقىمىز كېرەك! ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۈچ نەرسە ئۈچ نەرسىگە سەۋەپچى بولىدۇ دەپ دېگەن. ئىتائەت قىلىش ئاللاھۇ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكە سەۋەپچى بولىدۇ. گۇناھ سادىر قىلىش، ئاللاھۇ تائالانىڭ غەزەپلىنىشىگە سەۋەپچى بولىدۇ. ئىمان ئېيتىش، قىممەتلىك ۋە شەرەپلىك بىرسى بولىشىمىزغا سەۋەپچى بولىدۇ. شۇڭلاشقا كىچىككىنە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويىشتىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىشىمىز كېرەك. بەلكىم، بۇ گۇناھلار تۈپەيلىدىن ئاللاھۇ تائالا غەزەپلىنىشى مۇمكىن. هەر بىر مۇئمىن ئۆزىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. بەلكىم بۇ مۇئمىن ئاللاھۇ تائالانىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قۇلى بولىشى مۇمكىن. هەممەيلەن ئۈچۈن پىشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن تەقدىر،

ھىچقانداق بىر ۋاقىتتا ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەتلا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئىبادەت قىلمىغان بىر مۇسۇلماننى ئەگەر ئاللاھۇ تائالا خالىسا كەچۈرىدۇ. بەقەرە سۈرىسىنىڭ -30ئايىتىدە، پەرىشتىلەر (ئى رەببىم! يەر يۈزىدە يامانلىق قىلىدىغان ۋە قان تۆكىدىغان ئىنسانلارنى نىمىشقا ئاپىرىدە قىلىسەن) دەپ دېگىنىدە، (ئۇلار يامانلىق قىلمايدۇ) دەپ دېمىدى. (سىزنىڭ بىلمىدىغانلىرىڭىزنى مەن بىلىمەن) دەپ دېدى. (لايىق ئەمەسلەرنى لايىقلىق دەرىجىسىگە ئېرىشتۈرىمەن. يىراقتىكىلەرنى يېقىنلاشتۇرۇمەن. ناچارلارنى ئەزىز قىلىمەن) دەپ دېدى. سىز ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىسىز. مەن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىمانىغا قارايمەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە قارايسىز. ئۇلار مېنىڭ مەرھەمىتىمگە پاناھلىنىدۇ. سىزنىڭ گۇناھسىزلىقىڭىزنى ياقتۇرغىنىمغا ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى كەچۈرىشىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمنى سىز بىلەلمەيسىز. ئىمانى بار كىشىلەر مېنىڭ لۇتفىمغا ئېرىشەلەيدۇ، ئەبەدىي لۇتفىم بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايمەن دەپ دېدى. -76 مەكتۇپنىڭ تەرجىمىسى تاماملاندى.

شەرەفۇددىن بىن يەھيا مۇنىرى ”رەھمەتۇللاھۇ تائالا ئەلەيھ“، 782 [1380] يىلىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ھىندىستاندىكى بىھار شەھرىدە تۇرغان. ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ شۇ يەردە. مۇنىرى، بىھار شەھرىدىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى. شاھ ئابدۇلھاك دەھلەۋىنىڭ ”رەھمەتۇللاھى تائالا ئەلەيھ“ _ئەھبارۇل ئاھيار) ناملىق كىتابىدا، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۇزۇن بايان قىلىنغان. بۇ كىتاپ پارىسچە يېزىلغان بولۇپ، 1332 [ 1914] يىلىدا ھىندىستاندىكى رىيوبەند شەھرىدە ۋە كېيىن پاكىستاندىكى لاھوردا بېسىلغان. ئۇنىڭ يازغان (ئىرشادۇس سالىكىن)، (مادىنۇل مەئانى) ۋە (مەكتۇبات) كىتاپلىرى ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەرلەردۇر.

[ئىمام رەببانى ”رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ“ تۈرلۈك مەكتۇپلىرىدا شۇنداق دېگەن، (ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىغا (پەرىز) دېيىلىدۇ. چەكلىگەن نەرسىلەرگە (ھارام) دېيىلىدۇ. پەرىز ياكى ھارام ئەمەس، قىلىشقا بولىدىغان نەرسىلەرگە (مۇباھ) دېيىلىدۇ. پەرىزلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە، چەكلەنگەن نەرسىلەرنى قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ۋە مۇباھلارنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىشقا (ئىبادەت قىلىش) دېيىلىدۇ. قىلىنغان ئىبادەتنىڭ چىن ۋە قوبۇل بولىشى ئۈچۈن، يەنى توغرا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياقتۇرشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن (ئىلمنى) يەنى توغرا قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى ۋە (ئەمەل) يەنى ئۇنى شەرتلەرگە ئاساسەن قىلىش ۋە (ئىخلاس) بىلەن قىلىش كېرەك.

ئىخلاس بىلەن قىلىشتا، پۇل، ھوقۇق ۋە شۆھرەتكە ئوخشاش دۇنيا نېمەتلىرىنى چۈشەنمەستىن بەلكى ئاللاھ تائالا بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ رىزاسىنى ۋە سۆيگۈسىگە ئېرىشىش بەك مۇھىم. (ئىلىمغا) فىقىھ كىتاپلىرىنى بىر ئۇستاز بىلەن بىللە ئوقۇش، ئىخلاسقىمۇ بىر ۋەسىيىنىڭ سۆزىدىن، ئەھۋالىدىن، ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ۋە سوپىزىم كىتاپلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشىشكە بولىدۇ. ئىسلام ئىلىملىرى ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپىدۇ: دىن بىلىملىرى ۋە پەن بىلىملىرى. بۇلارنى پىششىق ئۆگىنىش پەرىزدۇر. مەسىلەن، دورىنى ئىشلەتكۈچى دورىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، مىقدارى ۋە ئېلىكتىر چىرىغى ماشىنىسىنى ئىشلەتكۈچى بولسا توكقا ئائىت قىسقىچە بىلىملەرنى ئۆگىنىشى پەرىزدۇر. ئەگەر ئۆگەنمىسە، ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پەرىزلەرگە ۋە ھارام نەرسىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇپ، ھورۇنلۇق بىلەن ياكى ئەسكى دۇستلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئىبادىتىنى قىلمىغان بىر مۇسۇلمان تۆبە قىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، گۇناھى تۆگىگىچە دوزاق ئوتىدا كۆيىدۇ. پەرىزلەرنى ئۆگەنمەي، بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەي، ھېچقانداق كۆڭلى يېرىم بولماستىن، ئاللاھۇ تائالادىن قورقماي تۇرۇپ بۇ پەرىزلەرنى بەجا كەلتۈرمەي تاشلىۋەتكەن بىرسى، مۇسۇلمانلىقتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە كاپىر بولىدۇ. دوزاق ئوتىدا مەڭگۈ كۆيىدۇ. ھارام نەرسىلەرنى قىلىشمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىر ئىبادەتنىڭ ئىلىملىرىنى ئۆگەنمىگۈچى، شەرتلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلغان ئىبادىتى گەرچە ئىخلاس بىلەن قىلىنغان بولسىمۇ چىن ھېساپلانمايدۇ. قىلمىغانلارغا ئوخشاش جەھەننەم ئوتىدا كۆيىدۇ. شەرتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ تۇرۇپ قىلىنغان ئىبادەت چىن بولىدۇ. بۇ كىشى جەھەننەم ئوتىدىن قوتۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئىخلاس بىلەن قىلمىسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىبادىتى ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ ھېچبىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ساۋاپقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھۇ تائالا بۇنداق ساختا ئىبادەتلەرنى، ياخشىلىقلارنى ۋە خەير-ئېھسانلارنى ياخسى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىلىم ۋە ئىخلاس بىلەن قىلىمىغان ئىبادەتنىڭ ھېچقانداق بىر پايدىسى يوق. بۇ ئىنسانىنى كۇپۇرلۇقتىن، گۇناھتىن ۋە ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئۆمۈر بويى ئىبادەت قىلىپ، كۇپۇرلۇق بىلەن ۋاپات بولغان مۇناپىقلار كۆپتۇر. ئىلىم ۋە ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئىبادەت، بۇ دۇنيادا بىزنى كۇپۇرلۇقتىن، گۇناھتىن قۇتقۇزىدۇ ۋە بىزنى ئەزىز قىلىدۇ. ئاخىرەتتىمۇ جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىنى، ئاللاھۇ تائالا مائىدە سۈرىسىنىڭ توققۇزىنچى ئايىتىدە ۋە ۋەل ئاسىر سۈرىسىدە ۋەدە قىلغان. ئاللاھۇ

تائالا قىلغان ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ.)]

ھەق تائالا، ئىنتىقامنى يەنە قۇلى بىلەن ئالۇر،

نادان كىشى (ئىلمى لەددۇنىنىڭ) ئەقلىمىزنى قۇل قىلدى دەپ ئويلار.

ھەممە نەرسە خەلىقىنىڭدۇر، قۇل قولى بىلەن ياسىلۇر،

ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىقى بولماستىن، يەردىكى بىر ئەخلەتمۇ تەۋرىمەس.

ئاللاھۇ تائالا مەۋجۇتتۇر ۋە بىردۇر، ئۇنىڭدىن اشقا پۈتۈن مەخلۇقات يوق ئىدى، يەنە يوقىلىدۇ

ئەتراپىمىزدىكى جانلىقلارنى سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىلەن تونۇيمىز. سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر قىلغان نەرسىلەرگە (مەۋجۇدات) دېيىلىدۇ. جانلىقلارنىڭ بەش سېسسىي ئەزايىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە (ئىقتىدار) ياكى (سۈپەت) دەپ ئاتىلىدۇ. جانلىقلار ئۆزىدە بار بولغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرىقلىنىدۇ. ئاۋاز، سۇ، ھاۋا، ھېنەك ۋە ھەر بىر جانلىق يەنى (مەۋجۇداتتۇر). ئېغىرلىقى ۋە ھەجىمى بولمىغان يەنى بوشلۇقتا يەر ئالغان مەۋجۇداتلارغا (جەۋھەر) ياكى (ماددا) دېيىلىدۇ. ماددىلار بىر-بىرىدىن سۈپەت ۋە ئالاھىدىلىك جاھەتتىن پەرىقلىنىدۇ. ھاۋا، سۇ، تاش، ئەينەك بىر-بىرىدىن ئايرىم ماددىلار ھېساپلىنىدۇ. ئاۋاز بولسا ماددا ئەمەس. چۈنكى نۇر ۋە ئاۋاز، يەر ئىگىلىمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى يوق. ھەر بىر مەۋجۇدات (ئېنىرگىيە) ۋە (كۈچ) تۇشۇيدۇ. يەنى بىر ئىش قىلالايدۇ. ھەر بىر ماددا، قاتتىق، سۇيۇق ۋە گازدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھالەتتە بولىدۇ. قاتتىق ماددىلارنىڭ شەكلى بار. سۇيۇق ۋە گازلىق ماددىلارنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى يوق. ئۇلار ئۆزى قاچىلانغان قۇتىنىڭ شەكلىنى ئالىدۇ. ماددىنىڭ شەكىل ئېلىشىغا (جىسىم) دېيىلىدۇ. ماددىلار ھەمىشە جىسىم شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن، ئاچقۇچ، يىڭنە، قىسقۇچ، كۈرەك، مىخ ۋە باشقا نەرسىلەر. يەنى بۇلارنىڭ شەكلى بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدۇ. ئەمما ھەممىسى تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. جىسىملار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئاددىي جىسىم ۋە بىرىككەن جىسىم.

(ئالەم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ) يەنى ھەر بىر جىسىمدا ھەمىشە ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن، ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق يەر ئالماشتۇرىدۇ. چوڭىيىدۇ ياكى كىچىكلەيدۇ. رەڭگ ئۆزگىرىدۇ. جانلىق نەرسە بولسا، بۇ ئۆزگىرىشلەرگە (ۋەقە) ياكى (ھادىسە)

دېيىلىدۇ. بىر تاشقى كۈچ تەسىر قىلماي تۇرۇپ، ماددىلاردا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بىر ھادىسىنىڭ مەيدانغا كېلگەندە، ماددىلارنىڭ قۇرۇلمىسى بۇزۇلمىسا ۋە ئۇ ماددا ئۆزگەرمىسە، بۇنىڭغا (فىزىكا ھادىسىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. قەغەزنىڭ يىرتىلىشى بىر فىزىكا ھادىسىسىدۇر. بىر ماددىدا فىزىك ھادىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن، بۇ ماددىغا بىر كۈچنىڭ تەسىر قىلىشى كېرەك. ماددىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ۋەقەلەرگە (خىمىيىلىك ھادىسە) دېيىلىدۇ. قەغەزنىڭ كۆيۈپ كۈل بولىشى بىر خىمىيىلىك ھادىسىدۇر. بىر جىسىمدا خىمىيىلىك ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن، بۇنىڭغا باشقا بىر ماددىنىڭ تەسىر قىلىشى كېرەك. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ماددىنىڭ بىر-بىرسەە تەسىر قىلىشى، ھەر ئىككىسىدە خىمىيىلىك ھادىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە خىمىيىلىك رېئاكسىيە) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماددىلاردا خىمىيىلىك رېئاكسىيەنىڭ بولىشى يەنى بىر-بىرسىگە تەسىر قىلىشى، ئەڭ كىچىك پارچىلار بىلەن بولغان بولىدۇ. ماددىلارنىڭ بۇ ئەڭ كىچىك پارچىلارغا (جەۋھەرۇل فەرد) ياكى (ئاتوم) دېيىلىدۇ. ھەربىر جىسىم ئاتوملاردىن بارلىققا كېلىدۇ. يەنى ئاتوملارنىڭ بىرلەشمىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئاتومۆرنىڭ قۇرۇلمىسى بىر-بىرىگە ئوخشىسمۇ، ئۇلارنىڭ چوڭلىقى ۋە ئېغىرلىقى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ھازىرغىچە بىر 105 تۈرلۈك ئاتومنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. ئەڭ چوڭ ئاتوم، ئەڭ ئىقتىدارلىق مىكروسكوپ بىلەن كۆرۈلمىگىدەك دەرىجىدە ئىنتايىن كىچىك. بىر-بىرسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاتوملارنىڭ بىر يەرگە جۇغلىنىشىدىن (ئاددىي جىسىم) ياكى (ئېلىمېنت) ھاسىل بولىدۇ. 105 تۈرلۈك ئاتوم بولغانلىقى ئۈچۈن، 10 تۈرلۈك ئاددىي جىسىم مەۋجۇت. تۆمۈر، گۈنگۈرت، سىماب، ئوكسىگېن ۋە كۆمۈر ئېلېمېنتتۇر. باشقا-باشقا ئاتوملارنىڭ بىر يەرگە جۇغلىنىشىدىن (بىرلەشكەن جىسىم) ياكى (مۇرەككەپ جىسىم) ھاسىل بولىدۇ. يۈز مىڭلىغان بىرلەشكەن جىسىم مەۋجۇت. سۇ، ئىسپىرىت، تۇز، ھاك مۇرەككەپ جىسىملاردۇر. مۇرەككەپ جىسىملار ئاددىي جىسىملارنىڭ بىر-بىرسى بىلەن بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئاددىي جىسىملارنىڭ بىرلىشىشى، ئاتوملارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

بارلىق جىسىملار، مەسىلەن تاغلار، ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلار، 105 تۈرلۈك ئېلېمېنتتىن بارلىققا كېلىدۇ. جانلىق ياكى جانسىز جىسىملارنىڭ قۇرۇلمىسى، بۇ 105 تۈرلۈك ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپىدۇ. بارلىق جىسىملار بۇ 105 ئېلېمېنتلارنىڭ بىرسىنىڭ ياكى بىر قانچىسىنىڭ ئاتوملىرىنىڭ بىر

يەرگە كېلىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ھاۋا، تۇپراق، سۇ، ئىس، نۇر، ئېلېكتىر ۋە مىكروپلار، بىرلەشكەن جىسىملارنىڭ پارچىلىنىشىغا ياكى بىرلىشىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. (سەۋەپسىز ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمايدۇ.) بۇ ئۆزگىرىشلەردە ئېلېمېنتلار يەنى بۇ مەۋجۇداتلارنىڭ قۇرۇلمىسى، جىسىمدىن جىسىمغا ئۆزگىرىدۇ ياكى بىر جىسىمدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ھالەتكە كېلىدۇ. جىسىملارنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرىمىز. كۆرگىنىمىزگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق خاتالىشىمىز. چۈنكى بىز بارلىققا كېلىۋاتىدۇ ياكى يوقاۋاتىدۇ دېگەن بۇ كۆرۈنۈش پەقەتلا ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. بىر جىسىمنىڭ يەنى مازاردىكى بىر ئۆلۈكنىڭ يوق بولۇشى يېڭى جىسىملارنىڭ يەنى سۇنىڭ گازلارنىڭ ۋە تۇپراق ماددىلىرىنىڭ بار بولۇش شەكلىدە بولىدۇ. بىر ئۆزگىرىشتە بار بولغان ماددىلار بىزنىڭ سەزگۈ ئەزايىمىزغا تەسىر كۆرسەتمىسە، ئۇلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. شۇڭلاشقا، ئۆزگەرگەن بىرىنچى ماددىغا يوقاپ كەتتى دەپ دەيمىز.

105 ئېلېمېنتنىڭ ھەر بىرسىنىڭ شەكلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ھەر بىر ئېلېمېنتتە فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك ھادىسىسىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بىر ئېلېمېنت ئورتاق قۇرۇلمىدا يەر ئالغاندا، ئىئون ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ. يەنى ئاتوملىرى ئېلېكترون قوبۇل قىلىدۇ ياكى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېلېمېنتنىڭ تۆرلۈك فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزگىرىدۇ. ھەر بىر ئېلېمېنتنىڭ ئاتوملىرى، بىر يادرو بىلەن، (ئېلېكترون) دەيدىغان تۆرلۈك مىقدارلار بىلەن، تېخىمۇ كىچىك ماددىلاردىن ياسىلىدۇ. يادرو، ئاتومنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ھېدروگېندىن باشقا بارلىق ئاتوملارنىڭ يادرولىرى (پىروتون) ۋە (نېترون) دېيىلىدىغان دانىچىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. پىروتونلار ئاكتىپ ئېلېكتىر توشۇيدۇ. نېترونلار ئېلېكتىر توشىيالمايدۇ. ئېلېكترونلار بولسا بۇرۇنقى ئېلېكتىر دانىچىللىرى بولۇپ، يادرونىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. ئېلېكترونلار ھەر ۋاقىت بىر ئىزدا ئايلىنىدۇ ۋە بۇ ئىزنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ.

ئاتوملارنىڭ يادرولىرىدا ئۆزگىرىش ۋە پارچىلىنىش بولىدۇ، بۇنى (رادىئوئاكتىپلىق) دەپ ئاتىلىدىغان ئېلېمېنتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يادرولارنىڭ پارچىلىنىشىدا بىر ئېلېمېنتنىڭ باشقا بىر ئېلېمېنتقا ئايلىنىدىغانلىقى، ماددىلارنىڭ يوقىلىپ ئېنېرگىيەگە (قۇدرەتكە) ئايلىنىدىغانلىقى چۈشىنىلدى، بۇ ئۆزگىرىش

(ئېنىشتېين)[33] تەرىپىدىن ھېساپلاندى.شۇڭا، بىرىكمە جىسىملارغا ئوخشاش، ئېلېمېنتلارمۇ ھەمىشە ئۆزگىرىدۇ، بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە قايتىدۇ. (جانلىق ۋە جانسىز ماددا ئۆزگىرىدۇ، يەنى كونىسى يوقىلىپ، يېڭىسى پەيدا بولماقتا.) بۈگۈن بار بولغان ھەر بىر جانلىق (ھەر بىر ئۆسۈملۈك، ھەر بىر ھايۋان) بۇرۇن يوقتى. باشقا جانلىقلار باتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ھازىرقى جانلىقلارنىڭ ھېچبىرى قالمايدۇ، باشقا جانلىقلار مەيدانغا كېلىدۇ. جانسىز مەۋجۇداتلارمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر، مەسىلەن بىر ئېلېمېنت ھېساپلىنىدىغان تۆمۈر ياكى بىر نەچچە جىسىمنىڭ ئارلاشمىسى ھېساپلىنىدىغان تاش، سۆڭەك، بارلىق ماددىلار، بارلىق زەررىچىلەر ھەمىشە ئۆزگىرىدۇ. يەنى كونىلىرى يوقىلىۋاتىدۇ ۋە باشقىللىرى مەيدانغا كەلمەكتە. ئەگەر مەۋجۇت ماددا بىلەن يوق بىر ماددىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىر-بىرسىگە ئوخشاش بولسا، ئىنسان بۇ ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنەلمەيدۇ، ھەمىشە ماددا بار دەپ ئويلايدۇ. كىنوخانىدا فىلىم كۆرگىنىمىزدە ئېكرانغا باشقا باشقا سۈرەتلەر كېلىپ-كېتىپ تۇرسىمۇ، كۆرگۈچىلەر بۇنى چۈشىنەلمەي، ئوخشاش بىر رەسىم ئېكراننىڭ ئارقىسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغىنىغا ئوخشايدۇ. بىز قەغەز كۆيۈپ كۈل بولغاندا ئاندىن بۇ ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى بىلگىنىمىزدەك، قەغەز يوق بولدى، كۈل بار بولدى دەپ دەيمىز. مۇز ئېرىغاندا، مۇز ئېرىدى، سۇ بار بودى دەپ دەيمىز. ھازىرقى زامان ماددا بىلىملىرى، (سائادەتى ئەبەدىيە)ناملىق كىتابنىڭ 546، 971 ۋە 1041 -بەتلىرىدە كەڭ دائىرىلىك قىلىپ بايان قىلىنغان. ئۇلارنىمۇ ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز!

(شەرھى ئاكائىد) ناملىق كىتاپنىڭ بېشىدا مۇنداق دەيدۇ: (بارلىق مەۋجۇداتلار، ئاللاھۇ تائالانىڭ بارلىقىنىڭ ئىسپاتى. ئاللاھۇ تائالانى بارلىقىنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىگە (ئالەم) دېيىلدى. ئوخشاش جىنىستىن بولغان جانلىقلارغىمۇ ئالەم دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلىق ئالەمى، پەرىشتىلەر ئالەمى، ھايۋانلار ئالەمى ۋە جانسىز ماددىلار ئالەمى دېگەندەك. ھەر بىر جىسىم بىر ئالەمدۇر.

(شەرھى مەۋاكىف)[34] ناملىق كىتاپنىڭ 441 -بېتىدە مۇنداق دېگەن: ئالەم يەنى

33 ئېنىشتېين بىر يەھۇدى فىزىك ئالىمى بولۇپ، 1375 [1955] يىلىدا ۋاپات بولغان.

34 (شەرھى مەۋاكىفنىڭ) ئاپتورسەييىد شەرىف ئەلى جۇرجانى، 816 [1413] يىلىدا شىرازدا ۋاپات بولغان.

ھەممە نەرسە بىر ھادىسىدۇر، يەنى مەخلۇقاتلاردۇر. يەنى يوق ئىكەن كېيىن ئاپىرىدە بولغان. [بىر-بىرىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنمۇ يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.] جىسىملارنىڭ ماددىسىمۇ، سۈپەتلىرىمۇ بىر ھادىسىدۇر. بۇ يەردە تۆت نەرسىنى ئويلىشىشقا بولىدۇ:

1- مۇسۇلمانلارغا، يەھۇدىلەرگە، ناسارالارغا ۋە مەجۇسىلەرگە نىسبەتەن، جىسىملارنىڭ ماددىلىرى ۋە سۈپەتلىرى بىر ھادىسىدۇر.

2- ئارىستوتىل ۋە ئۇنىڭ يولىدىن ماڭغان پەيلاسوپلارغا نىسبەتەن، جىسىملارنىڭ ماددىلىرى سۈپەتلىرىمۇ قەدىمكىدۇر. يەنى مەڭگۈلۈكتۇر. بۇ سۆزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى زامانىۋى خىمىيە بىلىملىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە شۇنداق بولىدۇ دەپ قارىغان كىشى كاپىر بولىدۇ. ئىبنى سىنا[35] بىلەن فارابىمۇ[36] قەدىمكى دەپ قارايدۇ.

3- ئارىستوتىلدىن بۇرۇنقى پەيلاسوپلار، ماددىلار قەدىمى، ئەمما سۈپەتلىرى بولسا ھادىسە دەيدۇ.بۇگۈنكى كۈندە، پەننى ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنىڭدەك خاتا چۈشىنىدۇ.

4- ماددىنىنىڭ بىر ھادىسە، سۈپەتلىرىنىڭ قەدىمى ئىلەنلىكىنى دېگۈچىلەر ھازىرغىچە بولمىدى.

Calinos بۇ تۆت كۆز قاراشنىڭ ھېچبىرسىگە قارار بەرمىدى.

مۇسۇلمانلار ماددىلارنىڭ ۋە سۈپەتلىرىنىڭ بىر ھادىسە ئىكەنلىكىنى بىر قانچە جەھەتتىن ئىسپاتلايدۇ. بىرىنچى خىل ئۇسۇل، ماددا ۋە بارلىق زەررىچىلەر ھەمىشە ئۆزگىرىدۇ. ئۆزگىرىۋاتقىنى قەدىمكى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. ئۇ چوقۇم ھادىسە بولىشى كېرەك. چۈنكى ھەر بىر ماددىنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ماددىدىن بالىققا كېلىشى چەكسىز ئاۋۋالقى ماددىدىن كېلىشى بولالمايدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر باشلىنىشى بولىشى كېرەك، يەنى بىرىنچى ماددىنىڭ يوقلىقتىن ئاپىرىدە بولىشى كېرەك. يوقلىقتىن ئاپىرە بولغان تۇنجى ماددا بولمىغان بولسا، يەنى كېيىنكى ماددىلارنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ماددىدىن بارلىققا كېلىشى چېكى يوق بۇرۇنقىلارغا

35 ئىبنى سىنا ھۈسەيىن، 428 [1037] يىلىدا ۋاپات بولغان.

36 مۇھەممەت فارابى، 339 [ 950] يىلىدا شامدا ۋاپات بولغان.

كەتكەن بولغان بولسا، ماددىلارنىڭ بىر-بىرىدىن بارلىققا كېلىشىنىڭ باشلىنىشى بولمىغان بولاتتى، ھېچبىر ماددىنىڭ بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ماددىلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە بىر-بىرىدىن بارلىققا كېلىشى، يوقلۇقتىن ئاپىرىدە قىلىنغان تۇنجى ماددىلاردىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، ئاسماندىن چۈشكەن بىر تاشنى چەكسىزلىكتىن كەلدى دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى چەكسىزلىك، باشلىنىشى يوق، ئۇچ تەرىپى يوق دېگەنلىكتۇر. چەكسىزلىكتىن كېلىش، يوقلۇقتىن ئاپىرىدە بولۇش دېگەنلىكتۇر. چەكسىزلىكتىن كەلدى دەپ قارالغان نەرسىنىڭ كەلمەسلىكى كېرەك. كەلگەن بىر نەرسىگە چەكسىزلىكتىن كەلدى دېيىش، ئەقىلگە ۋە بىلىمگە ماس كەلمەيدىغان نادانلىق بىلەن ئېيتىلغان سۆزدۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىدىن ھاسىل بولۇشى چەكسىزلىكتىن كەلمەيدۇ. يوقلۇقتىن ئاپىرىدە قىلىنغان تۇنجى ئىنساندىن باشلاپ كۆپىيىشى كېرەك. يوقلۇقتىن ئاپىرىدە قىلىنغان تۇنجى ئىنسان بولماي تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىدىن ھاسىل بولۇشى چەكسىزلىكتىن بولىدۇ دېيىش، ھېچبىر ئىنسان بولمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك. بۇ ھەر بىر مەۋجۇدات ئۈچۈن ئوخشاش. ماددىلارنىڭ ۋە جىسىملارنىڭ بىر-بىرىدىن ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن، (مۇشۇنداق كەلدى، مۇشۇنداق كېتىدۇ. يوقلۇقتىن ئاپىرىدە بولغان تۇنجى ماددا يوق) دېيىش، ئەقىلگە ۋە بىلىمگە ماس كەلمەيدىغان نادانلىق بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەردۇر. ئۆزگىرىش چەكسىزلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، يوقلۇقتىن ئاپىرىدە بولۇشنى، يەنى (ۋاجىبۇل ۋۇجۇت)، (مۇمكىنۇل ۋۇجۇت) بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

سوئال: بۇ ئالەمنى ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى قەدىمكىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. بۇ دۇنيامۇ قەدىمكى بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟

جاۋاپ: قەدىمكى ھېساپلىنىدىغان ياراتقۇچىنىڭ ماددىلارنى، زەررىچىلەرنى سەۋەپلەر بىلەن ئۆزگەرتىپ يەنى ئۇلارنى يوقتىپ يېرىگە باشقا ماددىلارنى يارىتىشىنى ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىمىز. قەدىمكى ھېساپلىنىدىغان ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى بىلەن خالىغان ۋاقىتتا، يەنى ھەر ۋاقىت ماددىلار بىر-بىرىدىن يارىتىدۇ. ئالەمنى، ھەر بىر ماددىنى، ھەر بىر زەررىچىنى سەۋەپلەر بىلەن ياراتقانغا ئوخشاش، خالىغان ۋاقىتتا، سەۋەپسىز، ۋاستىسىز يوقلۇقتىنمۇ يارىتىدۇ.

ئالەمنىڭ بىر ھادىسە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بىرسى، پانى ئىكەنلىكىگە، يەنى

قايتىدىن يوقۇلۇپ كېتىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىدۇ. يوق ئىكەن كېيىن ئاپىرىدە بولغان جانلىقلارنىڭ كېيىن يەنە يوق بولىدىغانلىقى ئېنىق. ھازىر نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ يوق بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز.

مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن، ماددىلارنىڭ ۋە جىسىملارنىڭ، يەنى ھەر بىر جانلىقنىڭ يوقلىقتىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى ۋە قايتىدىن يوق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. جىسىملارنىڭ يوق ئىكەن كېيىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى، يەنى شەكلىنىڭ ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يوقلىقىنى كۆرىمىز. جىسىملار غايىپ بولغاندا، ماددىلىرى قالسىمۇ، بۇ ماددىلار مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى، خېلى بۇرۇنلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ۋە قىيامەت كۈنى قايتىدىن يوق بولىدىغانلىقىنى سۆزلىدۇق. بۈگۈنكى ئىلىم-پەن، بۇنىڭغا ئىشىنىشكە توسالغۇ بولالمايدۇ. ئىشەنمەسلىك، ئىلىم-پەنگە تۆھمەت چاپلىغانلىق ۋە ئىسلام دۈشمىنى بولغانلىق بولىدۇ. ئىسلام، ئىلىم-پەننى ئىنكار قىلمايدۇ. ئىلىم-پەننىڭ دىنى بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ۋە ئىبادەت قىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقىنى دېيىشىدۇ. ئىلىم-پەن ئىسلامنى ئىنكار قىلمايدۇ. ھەتتا ئۇنى تەستىقلايدۇ ۋە قوللايدۇ.

ئالەم ھادىسە بولغاندا، ئۇنىڭ بىر ياراتقۇچىسى بار بولغان بولىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا ھېچقانداق بىر ھادىسىنىڭ ئۆزلىكىدىن يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق. بۈگۈنكى كۈندە زاۋۇتلاردا مىڭلىغان دورا، ئائىلە بۇيۇملىرى، سانائەت ۋە سودا بۇيۇملىرى ، ئېلېكترونلۇق ئۈسكىنىلەر ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئىنچىكە ھېساپلاردىن، يۈزلىگەن تەجرىبىلەردىن كېيىن ئېرىشىمىز. بۇلارنىڭ بىرسىگىمۇ، ئۆزلىكىدىن مەۋجۇت بولۇپ قالدى دېيىشكە بولامدۇ؟ بۇلارنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ۋە خالاپ تۇرۇپ ياسالغانلىقىنى دېيىشىدۇ ۋە ھەممىسىنىڭ بىر ياراتقۇچىسى بولىشى كېرەك دېيىشىدۇ جانلىقلار، جانسىزلاردا كۆرۈلگەن ۋە ھەر ئەسىردە تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ نازۇك ئىشلەپ چىقىرىلغان، كۆپىنچىسىنىڭ قۇرۇلمىسى تېخى چۈشىنىلمىگەن مىليونلىغان ماددىلار ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن تاسادىپى بارلىققا كەلگەنلىكىنى دېيىشىدۇ. بۇ ئىككى يۈزلىمىچىلىك جاھىللىق ۋە ئەخمەقلىقتىن باشقا نېمە؟ كۆرگىنىمىزدەك ھەر بىر ماددىنى ۋەھەر بىر ھەرىكەتنى يارىتىدىغان بىرلا ياراتقۇچى بار. بۇ ياراتقۇچى (ۋاجىبۇل ۋۇجۇتتۇر). يەنى يوق ئىكەن كېيىن ئاپىرىدە بولۇش ئەمەس. دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى لازىم. مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى ئۈچۈن ھېچبىر نەرسىگە ئېھتىياجلىق ئەمەس. ئەگەر ئۇ ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمىسا، (مۇمكىنۇل ۋۇجۇت) بولغان بولىدۇ.

ئالەمگە ئوخشاش بىر ھادىسە، يەنى مەجلۇقاي بولغان بولاتتى. مەخلۇقات باشقا بىر ماخلۇقاتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ۋە يوقلۇقتىن ئاپىرىدە قىلىنىدۇ. ئۇنىمۇ بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. شۇڭلاشقا ياراتقۇچىغا ئېھتىياجى بار بولىدۇ. يۇقىردا دېگىنىمىزدەك مەخلۇقاتلاردىكى ئۆزگىرىشنىڭ چەكسىز ئەمەسلىكىنى ئويلىساق، ياراتقۇچىنىڭمۇ مەڭگۈلۈك بولمايدىغانلىقىنى، يارىتىلىشىنىڭ تۈنجى بىر ياراتقۇچىدىن باشلىنىدىغانلىقى چۈشىنىلىدۇ. چۈنكى ياراتقۇچىلارنىڭ بىر-بىرىنى يارىتىشى مەڭگۈلۈك بولىدۇ دېيىلسە، ھېچقانداق بىر ياراتقۇچىنىڭ بولالىشلىقى كېرەك. بىرىنچى ياراتقۇچى مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدە باشقا بىر ياراتقۇچى يوق. ياراتقۇچى يارىتىلمايدۇ. ئۇ ھەمىشە مەۋجۇت. ئۇ بىردەم يوقاپ كەتسە، ھەممە نەرسە يوقاپ كېتىدۇ. ۋاجىبۇل ۋۇجۇت ھېچقانداق نەرسىگە ئېھتىياجلىق ئەمەس. زېمىننى، ئاسماننى، ئاتوملارنى، جانلىقلارنى، تەرتىپلىك ۋە ھېساپلىق يارتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنىڭ ، قۇۋۋىتىنىڭ چەكسىز بولىشى، ئالىم بولىشى، تىلىەن نەرسىنى چاققان يارىتىشى، بىر بولىشى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىشنىڭ بولماسلىقى كېرەك. كۈچ-قۇۋۋىتى چەكسىز بولمىسا ۋە ئالىم بولمىسا، بۇنداق تەرتىپلىك، ھېساپلىق مەخلۇقاتلارنى يارىتالمايدۇ. ئەگەر بۇ ياراتقۇچى بىردىن كۆپ بولسا، بىر نەرسىنى يارىتىشتا ئارزۇلىرى ئوخشاش يەردىن چىقمىسا، خالىغىنى بولمىسا ياراتقۇچى بولالمايدۇ ۋە ياراتقان نەرسىسى قالايمىقان بىر نەرسە بولىدۇ. تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشى ئۈچۈن ئەلى ئۈشىنىنىڭ[37] يازغان (ئەمەلى قەسىدىسى) ناملىق كىتابىنىڭ ئەرەپچە ۋە تۈرۈكچە ئىزاھلىرىنى ئوقۇڭ!

ياراتقۇچىدا ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ھازىر قانداق بولغان بولسا بۇ ئالامنى يارىتىشتىن بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى. ھەممە نەرسىنى يوقلۇقتىن ياراتقانغا ئوخشاش، ھەر ۋاقىت، ھازىرمۇ ھەممە نەرسىنى يارىتىدۇ. چۈنكى ئۆزگىرىش، مەخلۇقات بولىشنى، يوقلۇقتىن يارىتىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئۇنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇۋ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە يوقالمايدىغانلىقىنى يۇقىردا بايان قىلدۇق. شۇڭا ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەخلۇقاتلار تۈنجى يارىتىلىشىدا ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغانغا ئوخشاش، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا مۇھتاج بولىدۇ. ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ۋە ھەر بىر ئۆزگىرىشنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچى ئاللاھۇ تائالادۇر. ھەممە نەرسىنىڭ تەرتىپلىك بولىشى، ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ۋە مەدەنىيەتلىك بولىشى ئۈچۈن ھەممە

37 ئەلى ئۈشى، 575 [1180] يىلىدا ۋاپات بولغان.

نەرسىنى سەۋەبى يارىتىدۇ. سەۋەپلەرنى ئۇ ياراتقانغا ئوخشاش، سەۋەپلەردىن تەسىرگە ئۇچراش ۋە ئىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىنىمۇ ئۇ يارىتىدۇ. ئىنسانلار سەۋەپلەرنىڭ ماددىلارغا تەسىر قىلىشىغا ۋاستە بولماقتا.

قورساق ئاچقاندا بىر نەرسە يېيىش، كېسەل بولغاندا دورا يېيىش، شامنى يېقىش ئۈچۈن سەرەڭگىنىڭ بولىشى، ھېدروگېنغا ئېرىشى ئۈچۈن سىنك ئۈستىگە بىر كېسلاتانى تېمىتىش، سېمىنۇت ياساش ئۈچۈن ھاكىنىڭ ئۈستىگە لايىنى ئارلاشتۇرۇش، سۈتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كالا بېقىش، توكقا ئېرىشىش ئۈچۈن، سۇ-ئېلىكتىر ئىسانىسى قۇرۇپ چىقىش، ھەر خىل زاۋۇتلارنى قۇرۇش، سەۋەپلەرنى ئىشلىتىپ يېڭى نەرسە ياسىيالايدىغان بولۇش كېرەك. ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى ئاللاھۇ تائالانىڭ يارىتقان بىر سەۋەپلىرىدۇر. ئىنسانلارمۇ ئاللاھۇ تائالانىڭ يارىتىشىغا بىر ۋاستە بولىدۇ. ئاللاھۇ تائالا مۇشۇنداق يارىتىشنى خالايدۇ. كۆرگىنىمىزدەك، ئىنساننى بىر نەرسىنى ياراتتى دېيىش، ئەقىلگە ۋە دىنگە ماس كەلمەيدىغان نادانلىق بىلەن ئېيتىلغان بىبىر سۆزدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ياراتقان، ياشاتقان ۋە مۇھتاج بولغان نەرسىلەرنى يارىتىپ ئەۋەتكەن بۇ ياراتقۇچىنى ياخشى كۆرىشى، ئۇنىڭ قۇلى بولىشى كېرەك. يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى، ئىتائەت قىلىشى ۋە ئۇنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. بۇ يەتتىنچى بەتنىڭ بېشىدىكى، ئۈچىنچى توم، 17-مەكتۇپتا ئۇزۇن بايان قىلىنغان. ۋاجىبۇل ۋۇجۇت، بۇ بىر ئاللاھنىڭ، بۇ تەڭرىنىڭ ئىسمىنىڭ (ئاللاھ) ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. قۇللارنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشكە ھېچقانداق ھەققى يوق. ئادالەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان بىر ئىش، زۇلۇم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئىنتايىن سەت بىر ئىش ھېساپلىنىدۇ.

خىرىستىيانلار ۋە پوپلار ياراتقۇچىنىڭ ئۈچ تانە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. يۇقىرىدىكى يازمىلار ياراتقۇچىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، خىرىستىيان دىنىنىڭ ۋە پوپلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇرمىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىلىم بولمىسا، دىن ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېتەر،

شۇنىڭ ئۈچۈن، جاھالەت دېيىلگەن، يۈزنى قاراتقۇچىدىن،

قۇتۇلۇشقا تىرىشىشى كېرەك، ھەر بىر مىللەت،

بۇ يېيېتەرلىك ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەرسى ئاپەت بولسا؟

بۇ ئاپەت دەرسىنىڭ نېمىگە توختىغانلىقىنى چۈشەنسەڭچۇ،

مېڭەڭ ئېرىپ، ياشقا ئوخشاش كۆرلىرىڭدىن تاراملايتى.

ئەڭ ئاخىرقى ۋىقەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كەشكى بىلگەن بولساڭ،

ئۆزىڭنى تاپمىساڭ، مىللەت كېتەر.

ئېنىقكى يېڭى بىر مۇشكۇلگە چىدىغىلى بولساس،

بۇ قېتىم ئۇيقۇ ئۆلۈمدۇر، ئويغانغىلى بولماس.

ئەخلاقنى تۈزىتىپ، ئىلىم-پەننى ئۆگىنىش كېرەك،

دىنگە چىڭ ئېسىلىپ، قورال ۋە تقان ئەر كىشى بولۇش كېرەك.

دىن بىلىمى، ئۇرۇش بىلىمى يۈكسەك بولىشى كېرەك،

بۇ ئىككى نەرسى مىللەتكە ھۇزۇر ئېلىپ كېلۇر.